
# فىۋرالدىكى چۈش

(ھېكايە)



شۈكۈران
SHUKURAN

# فېۋرالدىكى چوْش

(ئەزىزان)

(هېكايە)

هە ، ساڭا كىلدى ، ساڭا كىلدى !

-- چىداڭلا جوْما ئوْمەر ئاخوْن .هەر قېتىم يانغاقلىق قىلماي ...

-- هە بىرىڭلا ئىتتىك، ئاۋۋ تەرەپتە چىرايلىق قىز بالىدىن ئىككىسى ئولتوْرغىلى نەۋاخ .

-- ئوْمەر ئېيىــــــش، ماۋۋىنى بىرنى ئىچىۋېتىپ بارىسەن، يوْرىكىڭنى توملاپ ... هە ...

دىسكوخانىنىڭ ئىچىدە، بوْلوْڭدىكى ئورۇندا بىر نەچچە ئوغوْل بىر نەچچە قىز ئويوْن ئويناۋاتاتتى، ئويوْنىنىڭ قائىدىسى بولسا، يىڭىلىپ قالغان قىز بالا بىر رومكا ئىچەتتى. يىڭىلىپ قالغان ئوغوْل بالا بولسا، ياندىكى ئورۇنلاردىن جوْپىسىز قىزدىن بىرنى تېپىپ باشلاپ كېلەتتى .

مانا، ئوْمەر يىڭىلىپ قالدى. ئەڭ بوْلوْڭدا ئولتوْرۇپ يوْز-كوْزلىرى قىپقىزىل بولغوْچە ئىچىپ قىيىپ كەتكەن، قاش-كوْزلىرى قىزلارنىڭ يوْرىكىنى تىترەتكوْدەك كېلىشكەن، ئاقراق كەلگەن بوْ يىگىتنىڭ ئىسمى ئوْمەر .ئوْنىڭ قولتوْقىغا مەھكەم ئېسىلىپ گىرە سېلىپ ئولتوْرغان، دىسكوخانىنىڭ گوْڭگا يورۇقىدىمۇ ئايىنى خىجىل قىلغوْدەك گوْزەل هوْسنىنى ئىلغا قىلغىلى بولىدىغان قىز بولسا نادىرە، ئوْمەرنىڭ موْهەببىتى .

ئوْمەر قولىدىكى رومكىنى كوْتوْرگىنىچە ئورنىدىن تورۇپ هېلىقى ئىككى قىز ئولتوْرغان ئورۇنغا قاراپ ماڭدى. ئوْمەرنىڭ كوْزى ئوْتكوْر ئىدى . ئىككى قىزنىڭ ئارىسىدىكى بەكرەك چىرايلىق ۋە كىشىنىڭ كوْزىدىن ئوت چىقارغوْدەك ياسىنىۋالغان بىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى ۋە رومكىنى تەڭلەپ ئوْنىڭ كوْزىگە تىكىلدى .

قىز بىر دەقىقە هەيرانلىقتىن كېيىن ، ئوْمەرنىڭ ئوتلوْق كوْزلىرىگە تىكىلدى . بوْ ئىككىسىنىڭ كوْزلىرى دىسكوخانىنىڭ يالت-يوْلت قىلىپ گاه يورۇپ گاه زوْلمەتكە چوْككەن رەڭگارەڭ نوْرلىرى ئارىسىدىن بىر-بىرىگە باغلىنىشىپ تىكىلىشىپ توْراتتى . ئوْمەرنىڭ بوْرادەرلىرى ۋە قىزلار بولسا كوْزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە بوْ هادىسىگە قاراپ داڭقېتىپ توْرۇپ قالدى ، كىشلەرنىڭ هەممىسى ئوْ قىزچاقنىڭ يوْزلىرىنىڭ بارا-بارا قىزىرىپ چىراغ نوْرىدا تېخىمۇ رەڭدار توْسكە كىرىۋاتقانلىقىنى سېزىۋاتاتتى .

-- هەي ئوْمەر ! نېمە قىلىۋاتىسەن ؟ _ نادىرە چىدىماي بىرىنچى بولوْپ بوْ ۋاراڭ-چوْروْڭ ئىچىدىكى سوْكوْتنى بوْزوْپ تاشلىدى .

-- ئوْش _ ... ئوْمەرنىڭ يېقىن بوْرادىرى جوْرئەت نادىرەگە قاراپ قانداقتوْر مەنىدە ئىشارە قىلدى .

هېچقانداق گەپ-سوْزسىز بوْ ئوتلوْق تىكىلىش ئالا-هەزەل بىر مىنوْت داۋاملاشقاندىن كېيىن ، قىزچاق ئاخىرى ئاستا ئورنىدىن توْردى ۋە ئوْمەرنىڭ قولىدىن رومكىنى ئېلىپ بىر كوْتوْروْپلا ئىچىۋەتكەندىن كېيىن ، ئوْمەرنىڭ بويىنىغا چىڭ ئېسىلىپ چوغدەك لەۋلىرى بىلەن چوڭقوْر قىلىپ بىرنى سوْيوْپ قويدى .

پوْتوْن دىسكوخانىدا شوْئان قىقاس-سوْرەن كوْتوْروْلدى . چاۋاك ئاۋازلىرى ، باشقا ئورۇنلاردا ئولتوْرغان يىگىتلەرنىڭ هەۋەس بىلەن ئوْمەرگە مەدەت بەرگەن ئاۋازى ، ئوْمەرنىڭ بوْرادەرلىرىنىڭ « ياشاپ كەت ! » دەپ ئوْنلوْك توۋلىغان ئاۋازلىرى ، نادىرەنىڭ « ئوْلگوْر پاسكىنا » دەپ ئاچچىق بىلەن ئوْ قىزنى تىللىغان ئاۋازى ...

ئوْمەر ئورنىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، پوْتوْن سورۇندىكىلەر ئوْنىڭ بوْ غەلىبىسىنى تەبرىكلەش ئوْچوْن هەر بىرەيلەن يەنە بىر رومكىدىن ۋىسكي لىقلىدى . جوْرئەت ئوْمەرگە رومكىسىنى تەڭلەپ بىرنى سوقوْشتوْرۇۋەتكەندىن كېيىن :

-- ئاغىنەم شۇەي دە لېكىن ، كۆزى بىلەنلا ئەدەم ئۆتتۈرىدۇ !

-- قېنى قېنى ئۆمەر ، كېلە بىرنى سوقۇشتۇرۇپ ، _ دېدى ئەكرەممۇ ھەم ئورنىدىن تۇرۇپ ، _ ۋەھشي قاملاشتۇرىۋەتتىڭ ئاداش !

جۆرئەتنىڭ مۇھەببىتى پەردە رۇمكىسنى كۆتۈرگىنىچە كەينىدىن ئايلىنىپ ئۆمەرنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ :

-- ۋاي ئۆمەر ۋاي ئۆمەر ، قانداق ساراڭ قىز باللار ساڭا مۇشۇنداق كۆيىدىغاندۇ ؟ نەرىگە كۆيىدىغاندۇ ؟ _ دېگىنىچە قولىدىكى رۇمكىنى كۆتۈردى .

پەردەنىڭ بۇ سۆزى نادىرەنىڭ بىر يەرلىرىگە تېگىپ كەتتى بولغاي :

-- ھۆيت خېنىم، ئۆمەرنى سەت دەۋاتامالا مېنى ساراڭ دەۋاتامالا ؟ سورۇندا يەنە پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

-- قېنى باللار ، بىر مەيدان چاپلىشىپ تانسا ھە ...

-- قوپۇڭلار باللار ھە ، ھەممەيلەن چىقىپ بىر مەيدان تانسا !

شۇنداق قىلىپ دېسكوخانىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نومۇرلىرىدىن بىرى بولغان لىرىك تانسا مۇزىكىسىغا ئەگىشىپ بۇ بىرنەچچە ياش ئوغۇل-قىز سەھنىنىڭ ئىچىدە ، قىسىلىپ كېتىشكەن كىشىلەر ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى ...

يېرىم كېچە ، غۇۋا يول چىرىغى ئاستىدىكى مۇزلاپ كەتكەن ئاسفالت يول ئۈستىدە ، قاتتىق مەستلىكتىن يولنى ئوڭدا دەسسەپ ماڭالمايۋاتقان ئۆمەرنى نادىرە قولتۇقىدىن يۆلەشتۈرۈپ ، بىر ئوڭغا بىر سولغا قىيىپ مېڭىپ كېلىۋاتاتتى . ئۆمەر بولسا باياتىندىن بېرىقى خۇشلۇقىدىن قىرغىل-تاغىل تولاپ پۈتۈن يولنى بېشىغا كىيىپ كېتىۋاتاتتى .

-- ماڭا قايلا نادىرە ، جېنىم ئاپپاق نادىرە ، مەن مەس ئەمەس ...

-- يەر ئېگىز-پەس شۇنداقمۇ ؟

ئۆمەر كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە نادىرەگە قاراپ :

-- ۋۇي ئىككى نادىرە كۆرۈنىدىيا ؟ قايسىسى سەن ؟ تېز گەپ قىلە ، بولمىسا چەمبىرەك ئەپسۇننى باشلايمەن.

-- ھۆيت غوجام ، ئەپ قويغان خوتۇنلىرى ئەمەس سىلىنىڭ ئەپسۇنلىرىغا ماڭىدىغان .

نادىرە شۇنداق دېگىنىچە ئۆمەرنى سىلكىپ قويىۋېتىپ ئۆزىنى چەتكە ئالدى .

-- ۋەي قايسىڭ ئۇ سۆزلەۋاتقان ، راسلا ئۇقالمىدىم . قولۇڭنى كۆتۈرە نادىرە .

نادىرەنىڭ كۈلگىسى كېلىپ قولىنى كۆتۈردى .

-- ھەي مەن ئىككىلىڭنى قولۇڭنى كۆتۈر دېمىدىم . ۋاي - ۋۇي ... ئاي ... كارىم نېمە ، ئىشقىلىپ ئويمۇ-ئوخشاشكەن ، بىرسىڭلا ئېسىلاي !

ئۆمەر شۇنداق دەپلا نادىرەگە قاراپ ئۆزىنى ئاتتى . نادىرە چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئېلىۋالغان ئىدى ، ئۆمەر ئۆزىنى توختىتالمىغان يولنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە سەنتۈرۈلۈپ پالاققىدە مۇزنىڭ ئۈستىگە يىقىلدى . نادىرە قاقاھلىغىنىچە كۈلۈپ يولنىڭ قىرىغا دەسسەپ ئۆمەرنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ تۇراتتى .

-- ھۇ پاسكىنا ، ئەجەپ تاشلىدىڭ . كارىۋاتقا چۈشتۈممىكىن دېسەم ئەجەپ قاتتىق يىقىلىدىمىيا ؟ ۋاي بېشىم ... كاللام يېرىلىپ كەتتىمۇ نېمە ؟

نادىرە كۈلكىدىن ئۆزىنى توختىتالماي :

-- ئاچچىقىڭىزغا چاقچاق قىلماڭ ئۆمەرجان ، ئاشۇنداق داق يەرگە تىك موللاق چۈشسىز .

-- چاشقان يىللىقمۇ نېمە سەن ؟ ئەجەپ چاققان قاچتىڭ كاساپەت ، تاختىمۇشۇكتىن قاچقان ئاخمىخانىدەكلا ... خەپ ، تۇتۇۋالىدىغان بولسام لېكىن نادىرە ...

-- تۇتۇپ باقە قېنى ، تۇتۇپ باقە . ئاۋۋال بىر بېشىڭنى كۆتۈرۈپ ئورنۇڭدىن تۇرۇپ باقە .

تۇيۇقسىز نادىرەنىڭ يۈزىدىكى كۈلكە مۇزلاپ قېتىشتى ، يۈرىكى جىغغىدە قىلدى . بىر چوڭ يۈك ماشىنىسى ئۇدۇل تەرەپتىكى تارچۇق يولدىن تېز سۈرئەتتە قايرىلىپ چىقىپ كېلىۋاتاتتى . ئۇ « ئۆمەر » دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئۇدۇل ئۆمەرگە ئېتىلدى . ئۆمەر بولسا مەستلىكتە يەرگە چاپلىشىپ ئىلىشىپ ياتاتتى .

ماشىنا شوپۇرى چىراغ نۇرىدا ئۆمەرنى بايىقاپ قاتتىق تورمۇز بەرگەن بولسىمۇ ، لېكىن يول مۇزلاپ سىلىق بولۇپ كەتكەچكە ، ماشىنا توختىماستىن يول ئۈستىدە كونتروللۇقنى يوقىتىپ تېز سۈرئەتتە سىرىلىپ كېلىۋاتاتتى . دەل شۇ پەيتتە نادىرە جان-جەھلى بىلەن ئېتىلىپ كەلدى ۋە پۈتۈن ئەزايى-جىسمىدىكى كۈچىنى ئىشلىتىپ ئۆمەرنى بېلىدىن تارتقىنىچە يول ياقىسىغا قاراپ ئىتتىرىۋەتتى . ماشىنا سىرىلىپ ئۆتكەن شۇ دەقىقە ، ماشىنا يان تەرىپىدىن چىقىپ قالغان بىر تال

ئۇزۇن تۆمۈر يول سىرتىغا قېچىۋاتقان نادىرەنىڭ كىيىمنى شارت قىلىپ ئوڭدىن سولغا بىر تۈز سىزىق بويىچە كېسىپ ئۆتۈپ كەتتى . دېمەككە ئۇزۇن ، ئەمما ناھايىتى قىسقا بولغان بۇ بىر نەچچە سېكۇنت ئىچىدىكى يۈرەكنى تىترەتكۈدەك قورقۇنچتىن كېيىن ، نادىرە يول ياقىسىغا ئۆزىنى ئاتقىنىچە ئۆمەرنىڭ ئۇستىگە يىقىلدى .

بىر نەچچە قېتىملىق تۇيۇقسىز قاتتىق سىلكىنىپ ئازراق يېشىلگەن ئۆمەر دەلدەڭشىپ ئورنىدىن تۇردى . يۈك ماشىنىسىنىڭ كوزۇپىنىڭ دەرىزىسىدىن بىر پور كۆتەك بېشىنى چىقىرىپ ئۇلارنى تىللاۋاتاتتى .

-- ئىتنىڭ بالىلىرى ، يېرىم كېچىدە يولدا يېتىۋېلىپ پوق بارما ھەرقايسىڭغا ؟ كۆتۈرەلگۈدەك ئىچىشسەڭچۇ ! تۈفى ... ئۆلكىنى ساتىدىغانلار ...

ماشىنا قايتا ئوت ئېلىپ يۈرۈپ كەتتى . ئۆمەر ئايىغىنى سېلىپلا پور كۆتەكنىڭ بېشىغا قارىتىپ ئاتتى . ئويلىمىغان يەردىن بۇ « سىنارەت » ئامېرىكىنىڭ كوسوۋوغا قويۇپ بەرگەن باشقۇرۇلىدىغان بومبىسىدەك نىشاندىن قىيىپ كېتىپ ماشىنىنىڭ يۈك ساندۇقىغا چۈشۈپ كەتتى .

-- ئاپلا ! ئىست ئالتە يۈزكوي ! ھەي ماشىنىنى توختات ! _ ئۆمەر ۋارقىرىغىنىچە ئون مېتىرچە قوغلاپ بېقىپ توختاپ قالدى ، بىر سول پۇتىدىكى يېگانە قالغان ئادىداس ئايىغىغا ، بىر پايپاق بىلەنلا قالغان ئوڭ پۇتىغا قاراپ گاڭگىراپ تۇراتتى .

قورقۇپ كەتكەن نادىرە ئۆمەرنىڭ كەينىدىن كېلىپ تىترىگەن بەدىنىنى ئۆمەرگە بېسىپ تۇرۇپ ئېسەدەشكە باشلىدى . ئۆمەر بۇرۇلۇپ ئۇنى قۇچاقلىدى . نادىرە ئۇنىڭ پېشانىسىدىن ئېقىۋاتقان قانغا قاراپ ئىچى سىرىلىپ يانچۇقىدىن قەغەز ئېلىپ سۈرتكەچ :

-- تاس قالدىڭ ئۆلگىلى .

ئۆمەر ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىدى ، لېكىن ئۆمەرنىڭ ئالقىنىغا بىر نەملىك ئۇرۇلۇۋاتاتتى . ئۇ قولىنى كۆتۈرۈپ ئالقىنىدىكى قىپقىزىل قاننى كۆرۈپ يۈرىكى قارتىندە قىلىپ قالدى .

-- كەينىڭگە بۇرۇلە ؟

ئەسلىدە ، بايىقى يۈك ماشىنىسىنىڭ يان تەرىپىدىكى ھېلىقى تۆمۈر نادىرەنىڭ كىيىمنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ ئۇنىڭ ئاپئاق بەدىنى كۆرۈنۈپ قالغان ، ئۇ تۆمۈر بەك ئۇچلۇق بولغاچقا نادىرەنىڭ بېلى توغرىسىغا بىر تۈز سىزىق بولۇپ كېسىلىپ كەتكەن ئىدى . يارا ئېغىزىدىن توختىماي قان چەپچىپ ئېقىپ تۇرغان بولۇپ ، نادىرەنىڭ يىرتىلىپ كەتكەن ئاپئاق ئىچ كىيىمنى قىزىل رەڭگە بويىغان ئىدى . بايىدىن بېرى نادىرە ئۆمەرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جىددىيلىشىپ ھەم ھەددىدىن زىيادە سوغۇق ھاۋانىڭ تەسىرىدە بۇ ئاغرىقنى ئانچە ھېس قىلمىغان ئىدى . مانا ئەمدى بولسا پۈتۈن ئەزايى سىرقىراپ ئاغرىپ تىترەشكە باشلىغان ئىدى .

-- ھەممىسى سېنىڭ كاساپىتىڭ ! دۆت ، لەقۋا ! ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن .

دوختۇرنىڭ بۇ يارىنى چوقۇم تىكمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇشى بىلەن ، نادىرە ئۆمەرگە قاراپ ئاچچىقلىغىلى تۇردى .

-- كىم سېنى مەن بىلەن چېلىششىش ئوينىسۇن دەپتىكەن ؟! خوپ بولدى ، تويە !

-- خوپ بولدى ؟ _ بۇ گەپنى ئاڭلىغان نادىرە كۆزىگە ياش ئېلىپ ، _ھۇ ۋىجدانسىز ئەبلەخ ، سېنى دېمىگەن بولسام بۇ چاغقىچە سەن بۇ جاھاندا بارمۇ يوقمۇ كىم بىلەتتى ؟

-- ھە ، بۇ گەپچە مەن ساڭا رەھمەت ئېيتسام بولغۇدەكتە ؟ ئۆلۈپ قالغان بولسام بۇگۈن پولۇرىمنى يېيىشەر ئىدىڭ ؟

--ئاغزىڭنى ئۇششۇتمە ،_ دېدى نادىرە ئاپئاق يۇمران قولى بىلەن ئۆمەرنىڭ ئاغزىنى توسۇۋېلىپ .

-- لېكىن بېلىمدە 20 سانتىمېتىر تارتۇق قالسا قانداقمۇ قىلارمەن ؟

نادىرە ئويلىغانچە كۆزىگە ياش كېلىۋاتاتتى .

-- خاتىرجەم بول ، ئۇ يېرىڭنى مەندىن باشقا ئادەم كۆرمەيدۇ .

-- سەندىن باشقا ئادەم كۆرسە مېنىڭ نېمە چاتىقىم ؟ شۇ سەن كۆرسەڭ ، كۆزۈڭگە سەت كۆرۈنۈپ ...

ئۆمەرنىڭ يۈرىكى تاتلىق بىر سېزىم بىلەن كۆپچەلەندى ۋە نادىرەنى مەھكەم قۇچاقلىدى .

-- ھەي ساراڭ مېنى قويىۋەت ، بەك ئاغرىپ كەتتى ، ۋايجان ! قويىۋەت دېدىم .

-- سەت كۆرۈنمەيدۇ جېنىم ، بەلكى دۇنيادىكى ھەممە نەرسىدىن گۈزەل بولۇپ كۆرۈنىدۇ ...

دەل شۇ ۋاقىتتا ھودۇقۇپ كەتكەن سىستېرا قىزچاق خانىنىڭ ئىشىكىدىن يۈگۈرۈپ كىرگىنىچە :

-- ھەي نېمە ئىش بۇ ؟ خېنىم ساقايغۇلىرى بارمۇ يوقمۇ سىلىنىڭ ؟ دوختۇر ئى ياماقلىرىنى ياماپ بولغۇچە بەك چاپلاشقۇلىرى كېلىپ قىستاپ كەتكەن بولسىمۇ چىداپ قىسىپ ئولتۇرۇپ تۇرسىلا جۇما ، بىزگە تولا گەپ تېپىپ بەرمەي !

ئۆمەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ كەينىگە بۇرۇلۇپ ئورنىدىن تۇردى -دە ، قارىماققا يېڭى خىزمەتكە چىققانلىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان سىستېرا قىزچاققا قاراپ بىر قەدەم بىر قەدەمدىن يېقىنلاشتى ، چىرايىدىن قانداقتۇر بىر خىل ئالامەت چىقىپ تۇراتتى .

-- سەن ... سەن نېمە قىلماقچى ؟ _ سىستېرا قىز قورققىنىدىن قولىدىكى تىترەپ تۇرغان دورا-ئوكۇل تەخسىسىنى ياندىكى شىرەگە قويۇپ كەينىگە داجىدى .

-- يېقىن كەلمە لۆكچەك .

-- لۆكچەك ؟ مېنى لۆكچەك دېدىڭما ؟ مەن ساڭا لۆكچەكنى بىر كۆرسىتىپ قوياي ئەمسە !

ئۆمەر شۇنداق دېگىنىچە قورقۇپ كەتكەن سىستېرانىڭ قولىدىن كاپپىدە تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭ يۇلقۇنىشىغا قارىماي كۆچلۈك بىلەكلىرى بىلەن ئۇنى تىزگىنلىدى . سىستېرا ئۇنىڭغا كۈچى يەتمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ۋارقىراشقا باشلىدى .

-- ئادەم بارمۇ ؟! ھەي خۇسجاڭ ، ماۋۇ بولمىدى ! قۇتقۇزۇڭلار ... لۆكچەك ... لۆكچەك مېنى قويۇپ بەر ...

ئۆمەر ئۇنى تامغا قاتتىق بىر ئۇرۇپ مەھكەم يۆلىدى ، سىستېرا قورققىنىدىن تولاشتىن توختىغان بولۇپ ، ئۆمەرنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ جىددىي تىنىقلىرى ئۆمەرنىڭ بارغانسېرى يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان بويىنىغا ئۇرۇلۇۋاتاتتى . ئۆمەر ئاغزىنى سىستېرانىڭ لېۋىگە تەگلەپ بىر سانتىمېتىردىن يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى . سىستېرانىڭ لەۋلىرى چىڭ يۇمۇلغان بولۇپ ، كۆزىنى مەھكەم ئېتىۋالغان ئىدى . دەل ئەشۇ ئۆمەرنىڭ لېۋى سىستېرانىڭ لېۋىگە تەگمىگەن ، لېكىن تېگەي دېگەن دەقىقىدە ، ئۆمەر ئۇنىڭ قويۇۋەتتى .

-- چىشىڭنى چوتكىلىماپسەن .

ئۆمەر بۇرۇلۇپ قەدەم ئېلىپ ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى . سىستېرا قىزچاق بولسا كۆزىنى ئېچىپ داڭقېتىپ جايىدا تۇرۇپ قالغان ئىدى . نادىرە كارىۋاتنىڭ يېنىدىكى ساپما كەشتىن بىر پاي ئېلىپ زەرب بىلەن ئۆمەرگە قارىتىپ ئاتقان ئىدى . لېكىن ئۆمەر تېزلا بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتكەچكە ، ساپما كەش ئۆمەرگە تەگمەستىن ، سىرتتىن ئىز بېسىپ يۈگۈرۈپ كىرگەن سىستېرالار باشلىقىنىڭ يۈزىگە پاققىدە تەگدى .

-- ۋاي شوۋچى ! _ توۋلىدى سىستېرالار باشلىقى بۇ تۇيۇقسىز كەلگەن زەربىدىن چۆچۈپ . _ خېنىم كېسەللىرى بارمۇ يا سىلىنىڭ ؟ !

نادىرە بىر ئاز ئوڭايسىزلىقتىن كېيىن سىستېرالار باشلىقىنىڭ تۇرۇلگەن قاپىقى ئاستىدىكى غەزەبلىك كۆزىگە قادىلىپ تۇرۇپ :

-- كېسىلىم بولمىسا دوختۇرخانىغا كۆڭۈل ئاچقىلى كېلەمتىم ؟

دوختۇرخانا ھويلىسىدا ، ئۆمەر نادىرەنىڭ ياربىلانغىنىنى ئاڭلاپ ئەتىگەنىدىلا يىغلىپ دوختۇرخانىغا چېپىپ كەلگەن جۈرئەت ، ئەكرەم ۋە پەرىدەلەر بىلەن كۆرۈشتى .

-- ئاخشام نېمە بولۇشۇپ كەتتىڭلار ھەي ؟

-- ئاخشام بىر قىزبالىنى سۆيۈپ قويغىنىڭغا نادىرەنىڭ كۆندەشلىكى تۇتۇپ ئىچكى ئۇرۇش پارتلاپتۇ-دە !

-- زاڭدولىشىپ كەتمىگەنسىلە ئۆمەرجان ؟

ئۆمەر تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ :

-- ئەكرەم ، نادىرە ساڭا قالدى ، تىكىپ بولغاندىن كېيىنلا دوختۇرخانىدىن چىقسۇن . ئاڭغىچە مەن قايتىپ كېلىمەن .

شۇنداق دەپ بولۇپلا دوختۇرخانا دەرۋازىسى تەرەپكە قاراپ كېتىپ قالدى . كۆپچىلىك بولسا ئۆمەرنىڭ بىر پۈتىدا ئاياغ يوق پايپاق بىلەن دەسسەپ يۈرگىنىنى ئەمدىلەتىن بايقاپ ، قورساقلىرىنى تۇتۇپ كۈلۈشكىنىچە ئامبولاتورىيە بىناسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى .

جۈرئەت قاتارلىقلار نادىرەنىڭ يېنىغا كەلگەن چاغدا دوختۇر ئالىبۇرۇن ئۇنىڭ يارىسىنى تىكىش ئۈچۈن ئېلىپ كېتىپ بولغان ئىدى . ئۇلار ياتاقتىكى كارىۋات ئۈستىدە پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى .

-- جۈرئەت ئاڭلىدىڭمۇ ؟ _ دېدى پەرىدە ، _ دىلبەر قايتىپ كەپتۇ .

-- نېمە ؟

جۈرئەت ۋە ئەكرەم تەڭلا ئەندىكىپ كەتكەندەك ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشتى .

-- سەن نەدىن ئۇقتۇڭ ؟

-- ئاخشام ...

-- ئاخشام سەن بىز بىلەن بىللە تۇرساڭ ؟

-- ياق ياق ، ئاخشام مەن ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن تېلېفونۇمغا قارىسام بىر تال قىسقا ئۇچۇر تۇرىدۇ ، دىلبەر ئىكەن ، مەن قايتىپ كەلدىم دەپ ئۇچۇر قىپتۇ .

-- ئەكىلە قېنى ! _ جۈرئەت پەرىدەنىڭ قولىدىن تېلېفوننى ئېلىپ ئۇچۇرنى كۆردى ۋە تېلېفوننى چىقىرىپ شۇ نومۇرغا تېلېفون ئۇردى .

-- ۋەي ، دىلبەرمۇ سەن ؟ مەن جۈرئەت ، قاچان قايتىپ كەلدىڭ جېنىم ؟

جۈرئەتنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن دىلبەرنىڭ چوقۇم قايتىپ كەلگەنلىكىنى جەزم قىلغان ئەكرەم بىلەن پەرىدەنىڭ چىرايى ئۆزگۈشكە باشلىدى .

-- بىز دوختۇرخانىدا ، _ جۈرئەت داۋام قىلىۋاتاتتى ، _ مۇنداق بولسۇن ، ئەتە كەچتە كۆرۈشەيلى ، باشقا يەرگە كەتمەي تۇر . ئەتە كەچتە تېلېفون قىلاي ... شۇنداق بولسۇن ئەمسە .

جۈرئەت تېلېفوننى قويغاندىن كېيىن كارىۋاتتىكى ياستۇقنى قولىغا ئېلىپ كۆچەپ مىجىغاچ چىرايىدىن ئۈمىدسىزلىك ئىپادىلەپ :

-- ئەمدى قانداق قىلار بىچارە ئۆمەر ؟ -- قانداق قىلاتتى ؟ ئۆزى شۇنداق سۆيۈق بولغاندىكىن ئەمدى ئۆزى بىر جاۋاب بەرسۇن !

-- ۋوي ئەكرەم نېمە دېگىنىڭ بۇ ئاداش ، ئۆمەر بىزنىڭ ئاغىينىمىز ، يەنە كېلىپ نادىرە بىلەن ئۆمەرنىڭ ئىشى ھەممەيلەننىڭ قوللىشى بىلەن ئاندىن بولغان ئىشلار . ئەينى چاغدا ھەرقايسىمىز ئۆمەرنى « ۋاي يۈرگىن ئاداش ، نادىرە ئانداق ياخشى ، مۇنداق ياخشى » دەپ كۈچىمىگەن بولساق ، ئۆمەر بىلەن نادىرە يۈرەمتى ؟

-- ۋاي بولدى قىلىڭلار ! _ دېدى پەرىدە ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ، _ ھازىرقى مەسىلە ، بۇ خەۋەرنى تېزراق ئۆمەرگە يەتكۈزەيلى . ئاندىن بىز دوختۇرخانىدا نادىرەنى كۈتەيلى .

-- شۇنداق قىلمايمۇ نە ئامال ، _ دېگىنىچە ئەكرەم تېلېفوننى ئېلىپ ئۆمەرگە تېلېفون قىلىشقا باشلىدى ، لېكىن تېلېفون ئۇلانمايۋاتاتتى .

دىلبەر بولسا ئۇلارنىڭ كىچىكىدىن بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان بىر دوستى بولۇپ ، كىچىكىدىن ئۆمەر بىلەن بەك يېقىن ئىدى . تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ۋاقتىدىن تارتىپ ئۆمەر بىلەن مۇھەببەتلىشىپ ، كېيىن ئالىي مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن ، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ پىلانى بويىچە ياۋروپاغا ئوقۇشقا كەتكەن ئىدى . مانا ، دىلبەر كەتكىلى بىر يىل بولدى . بۇ ئارىدا نادىرە بۇ بىر نەچچە دوستنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولدى .

نادىرە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ ، ئۆزى تولىمۇ چىرايلىق ھەم ئەقىللىق ، پاكىزە قىز ئىدى . دىلبەرگە قارىغاندا كۆپ شوخ بولۇپ ، خېلى ئوغۇل باللارنى قورقۇتقۇدەك مىجەزى بار ئىدى . جۈرئەت قاتارلىق باللارنىڭ ئۆمەرگە مۇشۇ قىزنى تونۇشتۇرۇپ قويۇش نىيىتى بولسىمۇ ، لېكىن ئۆمەر قىلچىمۇ تەۋرەنمەستىن ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغان ئىدى .

لېكىن بىر قېتىملىق ئولتۇرۇشتا ، ئۆمەرنىڭ كۆزى بۇ ئادەتتىكىچە بولمىغان قىزنىڭ باشقا قىزلارغا ئوخشىمايدىغان تەكەببۇر قىياپىتىدىن غىدىقلىنىشقا ئۇچراپ ، باللار بىلەن « مۇشۇ قىزنى ئىككى كۈن ئىچىدە بىر ياققا ئەچىقمەن » دەپ دو تىكىشىپ ، نادىرەنىڭ ئادەتتىكى قىزلارغا ئوخشىمايدىغان خاراكتېرى تۈپەيلىدىن ، ھەر خىل ئۆزى ئىشلىتىپ كۆنۈپ كەتكەن قىز بالا قوغلاشتا كارامەت ئۈنۈملۈك ھۈنەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىپ قوغلاشقان بولسىمۇ ، ئىككى كۈنگىچە ھەتتا تېلېفون نومۇرىنىمۇ ئالالماي ، ئاخىرى ئۇتتۇرغىنىغا تەن بەرگەن ئىدى .

لېكىن شۇ قېتىملىق ئۇتتۇرۇشتىن كېيىن ، ئۆمەرنىڭ قەلبىدە « بۇ قىزنى چوقۇم ئۆزۈمگە بويسۇندۇرىمەن » دېگەن بىر ئەركەكنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي ھەۋەس ئوتى يېنىپ ، نادىرەنى قوغلاشقا بېشچىلاپلا كىرىشىپ كەتكەن ئىدى . شۇ مەزگىللەردە ، ئۆمەر ئۆزىنىڭ مەكتىپىدىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغىچە ھەر كۈنى نەچچە يول قاتناپ ، نادىرەنى يوقلاپ

تۇردى . ۋاقتىنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ ، « كۆيگەنىدىن كۆنگەن يامان » دېگەنىدەك ، نادىرەدىن ئىبارەت ھېچقانداق ئوغۇل بالا بىلەن مۇھەببەت مەسىلىسىدە ئالاقە قىلىپ باقمىغان بۇ قىز ، بارا-بارا ئۆمەرنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغان ، شۇنداقلا ئۆمەرنىڭ ناھايىتى رومانتىك بولغان ئۇسۇل بىلەن مۇھەببەت ئىزھار قىلىشى بىلەن ، ئۇلارنىڭ ئوغۇل-قىز مۇھەببەت مۇناسىۋىتى ئاشكارا باشلىنىپ كەتكەن ئىدى .

بۇ بىر يىل جەريانىدا ، دىلبەر ئۆمەر بىلەن ئالاقىسىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ قويىدى . نېمە سەۋەبتىن ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلەلمىگەن ئىدى . نادىرە پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى ئۆمەر ناھايىتى روھسىز ، خىيالچان يۈرەتتى . دوستلىرى ئۆمەرنىڭ بۇنداق نورمالسىزلىقىغا قەتئىي چىدىيالمايتتى . دىلبەر پەقەت بىر قېتىملا ئۆمەرگە تېلېفون قىلغان ، يەنە كېلىپ ئاممىۋىي تېلېفوندا ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلاشقان ئىدى .

دىلبەر ئۆمەرگە تۇنجى مۇھەببەتنى ئاتا قىلغان بولسا ، دەل شۇ تۇنجى مۇھەببەتنىڭ ئازابلىرىنىمۇ ھەم ئۆمەرگە ئېلىپ كەلگەن ئىدى . ئۆمەر ئۇنى مەڭگۈ ئايرىلار دەپ ئويلىمىغان ئىدى . لېكىن دىلبەرسىز ھەر بىر كۈن ئۇنىڭغا بىر يىلدەك ، زۇلمەتلىك بىر يىلدەك بىلىنىدى . ئىچىدە دىلبەرگە نۇرغۇن ئەلەملىك ، ئاچچىققا تولغان سۆزلىرى يىغىلدى . شۇ سۆزلىرىنى ھاراق بىلەن ئىچىگە يۇتۇپ يۈرگەن كۈنلىرىدە ، ئۇنىڭ رەڭسىز دۇنياسىغا نادىرە قايتىدىن تەم ئاتا قىلغان ئىدى . قارىماققا ، نادىرە بىلەن بولغان بۇ يېرىم يىل جەريانىدا ، ئۆمەر دىلبەرنىڭ مەۋجۇدلۇغىنى پۈتۈنلەي ئۇنۇتقان ئىدى .

مانا ئەمدى ، دىلبەر فرانسىيەدىن قايتىپ كەلدى . دىلبەرنىڭ قايتىپ كېلىشى نېمىلەردىن دېرەك بېرىدۇ ؟ بۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى . دىلبەر نادىرە بىلەن ئۆمەرنىڭ تۇرمۇشىغا نېمىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ ؟ بۇنىمۇ ھېچكىم پەرەز قىلىپ بولالمايتتى .

ئەكرەم توختىماي تېلېفون ئۇرۇۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن ئۆمەرنىڭ تېلېفونى زادىلا ئېچىلمىدى . بۇ دوختۇرخانىدىكى كۆڭۈلچان دوستلارنى تېخىمۇ تىت-تىت قىلىۋاتاتتى . كۆپچىلىك خۇددى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان دوستىنىڭ جازا پەيتىنى كۈتۈپ ، ئامالسىز تىت-تىت بولۇپ تۇرغاندەك ، بۇ جازا پەيتى بولسا ، جۈرئەت دىلبەرگە ۋەدە قىلغان ئەتە كەچتىكى كۆرۈشۈش ئىدى .

-- ھەي باللار ، _ دېدى پەرىدە گويا مەلۇم پىلان ئويلاپ چىققاندەك ، _ مۇنداق قىلايلى بولمىسا ، دىلبەرنىڭ كەلگەنلىكىنى ئۆمەرگە دېمەي تۇرۇپ ، ئەتە كەچ بىر يىغىلايلى . قالغان ئىش ئۆز بويىچە بولسۇن . بەربىر بىز نادىرە ياكى ئۆمەر بولمىغاندىكىن ، بىز ھەرقانچە ئارىلاشساقمۇ ، ئۇلارغا پەقەت تېخىمۇ كۆپ ئاۋارىچىلىق تېپىپ قويۇشىمىز مۇمكىن . كىم بىلىدۇ تېخى ، شۇنداق چىرايلىق ئۆتۈشۈپ كېتەمدۇ !

ئەتىسى كەچقۇرۇن ، ئۆمەر جۈرئەتنىڭ تېلېفونىنى ئالغاندىن كېيىن ، نادىرەنىڭ ئۆيىگە بېرىپ نادىرەنى چاقىرىپ ئاندىن دېيىشىپ قويغان جايغا قاراپ ماڭدى .

-- ئاپاڭ بىلىپ قالمىغاندۇ ؟ _ سورىدى جۈرئەت تاكسىنىڭ ئىچىدە نادىرەگە قاراپ .

-- ياقەي ، بىر نەچچە كۈندىن بېرى ئاپام ئۆيدە ئەمەس ، ناھىيەدىكى تۇغقانلارنىڭكىگە چىقىپ كەتكەن . كەلگۈچە ساقىيىپ كېتەرمەن .

-- شۇنداق بولسىغۇ تېخى ياخشى . بولمىسا سۈرۈشتە قىلىپ بىلىپ قالسا ، كېيىن سېنى ماڭا بەرگىلى ئۇنىماسمىكىن ...

-- ھۆيــــــــــت ئۆمراخــــــۇن ، مەن تېخى ئۆزلىرىگە تېگىمەن دېمىگەنىدىمەن ؟ بەك ئۈزاقنى ئويلاپ كېتىپلا !

-- سەن دېمىسەڭمۇ ھامان بولىدىغان ئىشلار ئۇ .

-- قېنى كۆرەرمىز ، ئاڭغىچە تېخى نەچچە ئەدەمنىڭ قولىدىن ئۆتىلا مۇشۇ مېجەزلىرى بىلەن .

-- سەنمۇ مېنى شۇنداق ئادەم دەپ ئويلامسەن ؟

-- ئەمىسە ئۆزلىرى قانداق ئادەم ئىدىلە ؟

-- مېنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىمنى بىلمەمسەن ؟ _ دېدى ئۆمەر نادىرەگە قاراپ مەنىلىك ھجىيىپ .

-- ئاغزىدا دەپ قويسىلا ھېساب ئەمەس .

-- قانداق ؟ ئىسپاتلامدۇق كەچتە ؟

-- قورقىدۇ دەمسەن ؟ _ دېدى نادىرەمۇ ئۆمەرگە قاراپ مەنسىتمىگەنىدەك كۈلۈپ .

-- بېلىك مىدىرىيالامدۇ ؟ چىدىماسسەنمىكىن ؟ ھا ھ ھا ھ ... _ جۈرئەت قاھقاھلاپ كۈلدى .

-- يوقلە كۆزۈمدىن پىت يەيدىغان!

بىردەمدىن كېيىن ئۇلار دېيىشىپ قويغان يەرنىڭ يول بويىدا ، جۇرئەتلەرنىڭ ئۇلارنى ساقلاپ تۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە ماشىنىدىن چۈشتى . ئۇلار بىر قۇر ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن « شەرقىي يېرىم شار » مەيخانىسىدىكى جۇرئەت ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئورۇنغا كىرىپ ئورۇنلاشتى .

« شەرقىي يېرىم شار » ياكى بىر مەيدان مۇھەببەت جېڭىدىن كېيىن قانغا بويىلىدۇ ، ياكى بىر مەيدان رومانتىك مۇھەببەت ھېكايىسىنىڭ باشلىنىشى ۋە ياكى ئاخىرلىشىشىغا شاھىد بولىدۇ ، دەپ ئويلىشىۋاتاتتى ھەركىم ئۆز خىيالىدا . پەقەت بۇ ئىشنىڭ بىۋاستە قاتناشقۇچىلىرى بولغان ئۆمەر بىلەن نادىرەلا بوگۈن كەچ يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان ھەرقانداق ئەھۋالدىن خەۋەرسىز ، تېخىچە لاۋزىلىقتا كىشىنىڭ ئىچىنى ئېلەشتۈرگۈدەك پاراڭلار بىلەن ئۆزى سۆزلەپ ئۆزلىرى كۈلۈشۈپ ئولتۇرۇشاتتى .

-- قېنى باللا ماۋۇ تېپىشماق تېپىڭلار ھە ، _ ئويۇن باشلىدى ئۆمەر .

-- تاپالىساق نادىرەنى بىر سۆيۈۋالامدۇق ؟ _ دېدى ئەكرەم ھجىيىپ .

-- ئۆتەپ بارەۋە ماز ! _ ئالايدى نادىرە .

-- چاتاق يوق ! _ دېدى ئۆمەر ئىشەنچ بىلەن ، _ لېكىن تاپالمساڭلار مۇھەببىتىڭلارنى مەن سۆيىۋالىمەن !

-- ھە ، بۇ بولىدىكەن ، ئىشقىلىپ بۇ يەردىكى بەش ئادەم ئىككى جۈپ ، مەنلا بويتاق ، زىيان يوقكەن . _ دېدى ئەكرەم تاماكىنى پۈۋلەپ تۇرۇپ .

-- بەك لاۋزىكەنسەن جۇما ئەكرەم ، _ دېدى پەرىدە ئۇنىڭ ئاغزىدىكى تاماكىنى ئېلىۋېلىپ كۈلدانغا بېسىۋەتكەچ .

-- ۋاي- ۋۇي ، نېمە پاراڭ جىق دەيمەن ، ماۋۇ تېپىشماق ئاڭلاڭلار ئاۋۋال ، _ دەپ تېپىشماقنى باشلىدى ئۆمەر ، _ پاقا نېمشقا دەرەختىن ئېگىز سەكرەيدۇ ؟

-- مېنىڭ ئاڭلىشىمچە ، ئامازون دەرياسى بويىدا بىرخىل پاقا بار ئىكەن ، شۇ پاقا ھەتتا ئۇچالايدىكەن ، شۇ پاقا دەرەختىن ئېگىز سەكرەرمىكىن ... _ ئەكرەم بۇ تېپىشماقتا ھامان زىيان تارتمىغاچقا بىرىنچى بولۇپ جاۋاب بەردى . ئەمما جاۋابى خاتا بولغاچقا ئۆمەر ئۇنىڭغا يېنىك بۇرنىنى قېقىپ قويۇپ جۇرئەتكە قارىدى .

-- ۋوي ، پاقىنىڭ دەرەختىن ئېگىز سەكرىگىنىنى نەدە كۆرگەن ئۆمراخۇن ؟ _ دېدى جۇرئەت بۇ تېتىقسىز تېپىشماقتىن ئەنسىكىپ ، _ بولسا سىلى بى شۇنداق سەكلىتىپ بەسلە كۆرىلى .

-- جاۋاب بېرەلمىدىڭمۇ ؟! ئەكىلە خوتۇننى ، _ دېدى ئۆمەر كۆرەڭلەپ پەرىدەگە ئېسىلغاچ .

-- ھاي ھاي ! نېمە چىدىماسلىق بۇ ؟ قېنى توغرا جاۋابنى ئۆزەڭلا بىر دەپ بېقىڭلا ، ئاندىن نېمە قىلساڭلا مەيلى .

-- توغرا جاۋابى ؟ ھەرقايسىڭ دەرەخنىڭ سەكرىگىنىنى نەدە كۆرگەن ، سەكرەشكە كەلگەندە دەرەخ ئەلۋەتتە پاقىدەك ئېگىز سەكرىيەلمەيدۇ دە !

-- ئۇف ... _ كۆپچىلىكنىڭ يېلى چىقتى .

ئۆمەر نادىرەنىڭ كۆچەپ ئېسىلىشلىرىغا قارىماي پەرىدەگە مەھكەم ئېسىلىۋېلىپ ، يۈزىگە « چوك » كىدە بىرنى سۆيىۋالدى . نەخ شۇ دەقىقىدە ئايرىم خانە ئىشكى تاراققىدە ئېچىلىپ بىرەيلەن كىرىپ كەلدى .

ئۆمەرنىڭ بىر جۈپ قولى تېخى پەرىدەنىڭ قولىدا ، نادىرەنىڭ قوللىرى بولسا ئۆمەرنىڭ بېلىدىن كۆچەپ تارتىۋاتقان مۇشۇ غەيرىي ھالەتتە ، ئۆمەر بۇرۇلۇپ قاراپ كىرىپ كەلگەن كىشىنىڭ كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى . قوللىرى ئىختىيارسىز پەرىدەنى قويىۋەتتى .

سورۇندىكى بەش ئادەمنىڭ ئىچىدە ، نادىرەدىن باشقا ھەممىسى دىلبەر بىلەن كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان باللار ئىدى . پەقەت نادىرەلا ئۇنى تونۇمايتتى .

-- خاتا كىرىپ قالغان ئوخشىمامسىز ؟ _ دېدى نادىرە بۇ كۈتۈلمىگەن چاغدا كىرىپ قالغان «مېھمان»غا قاراپ ئالىيىپ .

-- بۇ كىم بولىدۇ ؟ _ دىلبەر نادىرەگە كۆزىنىڭ قىرىنىمۇ سالماستىن جۈرئەتكە قاراپ سورىدى .

جۈرئەت بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلالماي ئالدىدىكى شىرەنىڭ قىرىنى تىرناقلىرىدا قىرىپ ئولتۇراتتى .

بۇ ئېغىر سۈكۈتنى يەنىلا پەرىدە ئۆمەرنىڭ بەدىنى ئاستىدىن يۇلقىنىپ چىقىپ بۇزدى .

-- ئاداش دىلبەر ، قانداق تىنچ كەلدىڭمۇ ؟ ئەجەب سېغىندىم سېنى _ ! دېگىنىچە دىلبەرگە ئۆزىنى ئاتتى پەرىدە . ئارقىدىنلا ئەكرەم ، جۈرئەتلەرمۇ ئەمدى ھوشىغا كەلگەن ئادەملەردەك ئورنىدىن تۇرۇشۇپ دىلبەر بىلەن ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن ئۇنى ئورۇنغا تەكلىپ قىلدى .

نادىرە بۇ تۇساتتىن كىرگەن «مېھمان»نىڭ ئۆزىنى نەزىرىگە ئىلىپمۇ قويمىغانلىقىنى ، ھەتتا بىر ئېغىز سالام-سائەتمۇ قىلمىغانلىقىدىن قاتتىق نارازى بولۇپ ، بۇرنىنى قېقىپ قويۇپ جايىغا كېلىپ جىم ئولتۇردى .

پەقەت ئۆمەرلا بۇ بۇرۇقتۇملۇقنىڭ ئىچىدىن تېخى قۇتۇلۇپ بولالمىغاندەك ، جايىدا بۇتتەكلا باياتىنقى بەدەن شەكلىدە قېتىپ قالغان ئىدى . ئۆمەر بۇگۈنكى بۇ نام-ئاتاقسىز يىغىلىشنىڭ سەۋەبىنى ئاخىرى چۈشىنىپ يەتكەندەك بولۇپ، دىلبەرگە يەرنىڭ تېگىدىن كۆز يۈگۈرتتى، دىلبەرمۇ ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆزى يەنە ئۇچراشتى.

مانا ، مۇشۇ بىر جۈپ شەھلا كۆزلەر ، ئۆمەرنىڭ روھىنى سۇغۇرغان بىر جۈپ شەھلا كۆز ، بۈگۈن قەھرىتان سوغدىكى ناتونۇش بىر چۈشتەك ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئىللىق ئېقىم ئۇرماقتا ئىدى . ئۆمەر ئۆزىنى قاچۇرالمايتتى ، بەلكى بىپايان دېڭىزدا چۆككەن پاناھسىز قولۋاقتەك ، بۇ تەگسىز سۈزۈك كۆزلەرنىڭ ئىچىگە چۆكۈپ كېتەتتى .

دىلبەرنىڭ سۈزۈك كۆزلىرىدە سۈزۈك ياش لىغىلداپ تۇراتتى . ئۆمەر ئاخىرى ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى . لېكىن بايىقىدەك نادىرەنىڭ يېنىدا ئولتۇرماستىن ، ئەكرەم بىلەن پەرىدەنىڭ ئوتتۇرىغا كېلىپ ئولتۇردى .

دىلبەر ئۆمەرگە ئۇزۇن قاراپ ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى

-- : ئۆمەر ماڭا سالام قىلاي دېمەيسەنغۇ ؟ ساڭا خەۋەر قىلمايلا كەلگىنىمدىن خاپا بولمىغانسەن ؟

-- ياق ...

-- ئەمسە ، مېنى قارشى ئالدىغان چىرايىڭ يوققۇ ؟ مېنى تونۇغانسەن ؟ مەن دىلبەر .

-- تونۇدۇم . ھېلىغۇ بىر يىل يوق بولۇپ كېتىپسەن ، كۆيۈپ كۆلگە ئايلىنىپ كەتسەڭمۇ سېنى بىر قارىيالاپلا تونۇۋالىمەن .

دىلبەرنىڭ كۆز ياشلىرى ئاخىرى چانىقىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ ، ئۆزۈلمەي ئېقىشقا باشلىدى . پەرىدە بولسا ئۇنى بەزلەۋاتاتتى .

-- بولدى قىلە ئاداش ، كۆڭلۈڭنى بۇزمىغىنە . ھەممەيلەن يىغلىدۇقۇ مانا .

-- كۆڭلۈمنى ... كۆڭ ...كۆڭلۈمنى بۇزمىدىم ... لېكىن ... لېكىن خۇش بولۇپ ... خۇش بولۇپ شۇ ..._ دېدى دىلبەر ئېسەدەپ .

-- خۇش بولۇپ ؟ نېمىگە خۇش بولدۇڭ ؟ مېنىڭ سېنى ئۇنتۇپ كەتمىگىنىمگە خۇش بولۇپ كەتكەن ئوخشىمامسەن ؟ _ دېدى ئۆمەر دىلبەرگە قاراپ .

-- ۋاي بولدى قىلىڭلا ئىبدىش سىلىمۇ قىچىشمىغان يەرنى قاشلىماي ، پەس قىلالمايۋاتقاندا ، _ غۇدۇڭشىدى ئەكرەم .

-- ئاغزىڭنى يۇمغىنەۋە لاتا ! _ ئۆمەر ئەكرەمگە قاراپ قاتتىق ۋارقىرىدى . ئۇنىڭ بۇنداق ۋارقىرىشىدىن ئەكرەملا ئەمەس ، سورۇندىكى ھەر بىركىشى ئىنتايىن ھەيران بولماقتا ئىدى . چۈنكى ئۆمەر ئەزەلدىن بۇنداق بىر ئىشنى راستىغا ئېلىپ قاتتىق ئاچچىقلىمايتتى ، ئاچچىقلىسىمۇ ئۆزىنىڭ جان-جىگەر ئاغىنىلىرىنى تىلللىمايتتى .

ئەكرەم بويىنىنى تولغاپ ئاستا تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇردى ۋە قولىدىكى بىر رۇمكا ھاراقنى گۈپپىدە كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى .

پەقەت نادىرەلا بۇ مەيداندا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى قىلچىمۇ ئاڭقىرالمايۋاتاتتى ، ئۆمەرنىڭ بۇنچىلىك چېچىلغىنىنى ھەم ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم كۆرۈشى ئىدى . ئۇ ئۆمەرگە قاراپ ئىككى بىلەن دىلبەرنى « ئۇ كىم ؟ »

دېگەندەك ئىما قىلدى ، لېكىن ئۆمەر بولسا نادىرەگە چىرايىنى بۇزۇپ بىرنى قارىغان ئىدى ، نادىرە شۇئان پەسكويغا چۈشۈپ قولىدىكى تېلېفوننى ئوينىغان بولۇپ جىم ئولتۇردى .

-- نېمە ؟ ھېچقايسىنى گەپ قىلغىلى قويمايدىغان ئوخشىمامسەن ؟ _ دېدى دىلبەر بىر ھازادىن كېيىن ئېسەدەشتىن ئاران توختاپ .

-- ئېغىز ئۆزىدە ئىكەن ، گەپ قىلامدۇ ئوسۇرامدۇ مەن باشقۇرۇپ بولالمايمەن ،_ دېدى ئۆمەر تاماكىنى كۈچەپ تارتىپ .

-- بىزگە زادى نېمە بولدى ؟ _ دېدى ئۆمەرنى بارغانچە چۈشىنىپ بولالمىغان دىلبەر ، چۈنكى دىلبەر مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان قىزنىڭ ئۆمەرنىڭ قىز دوستى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى .

-- بۇنى ئۆزۈڭدىن سورا . فرانسىيەدە ئوقۇسا قانداق بولىدىكەن ؟ فرانسىيەدە تېلېفون يوقمىكەن ؟ تور يوقمىكەن ؟ يا فرانسىيەنىڭ ئوغۇل باللىرىنىڭ يوغانراقمىكەن ؟ ھە راست ، فرانسىيەدە ئۇنداق ئىشلار بەك ئاشكارا دەۋاتاتتى ، كۆندە ۋايجان-ۋاييەي بولۇپ بىز ئېسىڭدە يوق ھەقچان ؟

-- ئازراق نومۇس قىلە ھەي ! _ ئۆمەرنىڭ بۇ ھاقارەتلىك سۆزلىرىگە پەردە ئاخىرى چىدىيالمىدى .

-- مەن نومۇس قىلغۇدەك ئىش قىلمىدىم . ئىشقىلىپ ھېچنېمە قىلالمىسامىمۇ ، بەزىلەردەك ياۋروپاغا بېرىپ ئوقۇيالمىسامىمۇ ، ئادەمنىڭ نېمىگە مۇھتاج ، نېمىگە مۇھتاج ئەمەسلىكىنى بىلىمەن ! سەن بۇ دۇنيادىن نېمىنى ئېلىپ كېتەلەيسەن ؟ ساڭا نېمە قالدۇ ؟! مەن مۇھتاج بولغىنى بەزىلەرنىڭ مېنىڭ يېنىمدا 365 كۈن ئايرىلماي تۇرۇشى ئەمەس ! بەلكى مەن ھاراق ئىچىپ تالادا ، بۇزۇق خوتۇنلارنىڭ قويىندا ياتقان كەچلەردە ، سوغۇقتا ئۆپكەم شامالداپ ئاسما ئوكۇل چۈشۈۋاتسىمۇ ، ئىچ پۇشۇقۇمدىن تاماكىنى ئۇلاپ - ئۇلاپ چېكىپ ، قېقىلىپ يۆتىلىپ ياتقان ۋاقىتلىرىمدا ، خەقنىڭ ئېغىزىدىن » دىلبەر فرانسىيەدە بىر كىشى بىلەن يۈرىۋېتىپتۇ « دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ ئىشەنمىسەممۇ يۈرىكىم يىغلاۋاتقان چاغلاردا ، بەزىلەرنىڭ بىر تال تېلېفونى ماڭا بەلكىم ئۆزۈمنى داۋاملىق بەختلىك ھېسابلىشىمغا دەسمايە بولغۇچى ئېنېرگىيە بولاتتىغۇ ؟! قېنى سەن ؟ !نېمە بولدى بىزگە دېمەمسەن ؟ !

ئۆمەرنىڭ ئەزەلدىن بۇنداق سۆزلەرنى قىلىپ باقمىغانلىقىنى بىلىدىغان سورۇندىكىلەر ، يۇقارقى سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، ھەيرانلىق ئىلكىدە ئۆمەرگە تىكىلدى .

-- مېنى كەچۈرىۋەت ئۆمەر _ ! دىلبەر ئېسەدەپ تۇرۇپ شۇنداق دېگىنىچە ئۆمەرنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى . ئۆمەر بولسا سەزگۈسىز كۆزلىرىدە نەلەرگىدۇر تىكىلىپ قالغان ئىدى ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە بىر خىل قىزىللىق ئۇيۇشقان ئىدى.

ئىشىك تاراققىدە قاتتىق يېپىلىپ بىرەيلەن يۈگۈرگىنىچە كارىدوردىن سىرتقا قاراپ چىقىپ كەتتى .

-- نادىرە ! _ ئەكرەم نادىرەنى چاقىرغىنىچە ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ چىقىپ كەتتى . جۈرئەت بىلەن پەردە بىر-بىرىگە بىر كۆز ئىشارىسى قىلغاندىن كېيىن ، سىرتقا چىقىشىپ كېتىشتى .

خانىدە ئەمدى پەقەت ئۆمەر بىلەن دىلبەرنىڭ قۇچاقلاشقان گەۋدىسلا قالغان ئىدى .

-- سېنى سۆيىمەن جېنىم ، _ ئۆمەرنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلايتتى دىلبەر ، _ مېنى سېغىندىڭمۇ ؟

-- مەن ساڭا ئوخشىمايمەن ، سېنىڭ يۈرىكىڭ بۇشيۇگاڭ بولغان بىلەن ، مېنىڭ يۈرىكىم گۆش . سېنى بەك سېغىندىم . _ دېدى ئۆمەر ۋە دىلبەرنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىدى .

ئەكرەم نادىرەنىڭ كەينىدىن قوغلاپ خېلى ھازاغىچە يۈگۈرگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭغا ئاخىرى يېتىشتى ۋە ئۇنى مەھكەم تۇتىۋالدى .

-- نادىرە، گېپىمنى ئاڭلاڭ، بەلكىم سىز بەزى ئىشلارنى تېخى بىلمىگەچكە خاتا چۈشىنىپ قالغان ئوخشايسىز.

-- مېنى قويىۋەت ئەبلەخ ، مېنى ... مېنى ... قويىۋەت ! _ نادىرە يۇلقۇنۇپ ئەكرەمنىڭ قولىدىن ئاجرىدى ۋە مۇزلۇق يەرنىڭ ئۈستىگە قاتتىق يىقىلدى .

« ئاپا ! » دېگەن چىرقىراش ئاۋازى بىلەن نادىرە قاتتىق سىلكىنىپ ئاغرىقتىن تولغىنىپ كەتتى . ئەكرەم نادىرەنى يۆلەپ تۇرغۇزغۇچە ئۇنىڭ كىيىمىنىڭ كەينىدىن قان تەپچىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى .

-- ئاپلا ، يارا تىككەن يېرىدىن يېرىلغان ئوخشىمامدۇ ؟! ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق ؟ _ ئەكرەم دەرھال يولدىكى تاكسىدىن بىرنى توسۇپ نادىرەنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەتتى .

جۈرئەت بىلەن پەردە بولسا ، ئايرىم خانىدىن چىقىپ كارىدوردا پاراڭلىشىۋاتاتتى .

-- سېنىڭچە نادىرە ئەمدى قانداق قىلار ؟ _ سورىدى جۈرئەت پەردەدىن .

-- مەن قانداق بىلمەن ؟ مەنمۇ بۇنداق بولار دەپ ئويلىماپتىكەنمەن

-- . ئەمسە سەن قانداق ئويلىغان ؟! ھەممىسى سېنىڭ كۆرسەتكەن ئوسۇرۇق پىكىرىڭ ! ئەسلى تۇنۇگۇنلا ئۆمەرگە دېگەن بولساق ، ئۆمەردىمۇ ئىددىيە جەھەتتىن بۇ ئىشلارغا ئازراق تەييارلىق بولاتتى . نادىرەمۇ تۇيۇقسىز بۇنچىلىك زەربىگە ئۇچرىمايتتى .

-- ھە ؟ بۇ گەپچە مەن گۇناھكار بوپتىمەن -دە ؟! ئويلاپ قويۇ ! دىلبەرمۇ بىزنىڭ يېقىن دوستىمىز ! دىلبەر بىزگە نېمە يامانلىق قىلغان ؟ يەنە كېلىپ دىلبەر تېخى ئۆمەردىن رەسمىي ئايرىلىپ كەتمىگەن ئەھۋالدا نادىرە ئۇنىڭ بىلەن يۈرۈۋالدى ، ئاغرىنساڭمۇ ئۆمەردىن ئاغرىن ! چىم ئۇنى باشتىلا نادىرەگە « ئىچىم شوۋگۇرۇچتى » دەپ بارگەپنى ئېنىق قىلمىسۇن دەپتىكەن ! _ دېدى پەرىدە ئۇۋالچىلىق ھېس قىلىپ .

-- ھەي بولدى قىلە ، ھازىر بۇ گەپلەرنى دېيىشكەنىنمۇ پايدىسى يوق . قېنى ، قانداق ئىشلار بولىدۇ ۋاقتى كەلگەندە كۆرىلى ._ دېدى جۇرئەت تاقىتى تاق بولۇپ .

كەچ سائەت ئىككى يېرىم . كۆزنگە ياش ئالغان نادىرە دوختۇرخانىنىڭ ياتىقىدا ، دەرىزە سىرتىدىكى كېچىدىكى رەڭمۇرەڭ چىراغلار لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان شەھەر ئاسمىنىغا قاراپ خىيال بىلەن ياتاتتى . كېچىلىك ئىسمىنىدىكى سىستېرا قىز بولسا پات-پات كىرىپ ، نادىرەنى ئۇيان -بۇيان ئۆرۈپ قويۇپ ، ئۇنىڭ بىلەن پاراشماقچى بولۇپ ئولتۇراتتى . لېكىن نادىرەنىڭ ئاغزىدىن بىر ئېغىزمۇ گەپ چىقمىغاچقا ، يەنە ئۈمىدسىزلىنىپ باشقا ياتاقلارغا چىقىپ كېتەتتى .

دەرىزىنىڭ پولكىسىدا ئەكرەم پۈتلىرىنى ئالماپ ئولتۇرۇپ تاماكىنى ئۇلاپ چېكىپ ئولتۇراتتى . ئەكرەم ئاق پىشماق ، ئوتتۇرا بويى ، كېلىشكەن بالا ئىدى . ئۈچ ئاغىينىنىڭ ئىچىدە ئەكرەمنىڭ مىجەزى بەكرەك كىچىك بالىغا ئوخشىغاچقا ، ئادەتتە ئۇنىڭ « ھەرىكەت پىلانلىرى » قوبۇل قىلىنىپ كەتمەيتتى . ئەكرەم ئاستا غىڭشىپ ناخشىغا چۈشتى .

« كېچە سائەت ئىككى يېرىمدە ،
كىردى نادىرە چۈشۈمگە ... »
ئۇنىڭ بۇ ناخشىسىدىن نادىرەمۇ ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى .

-- بەك مازكەنسەن ئەكرەم .

ئەكرەم بولسا ئۇ ناخشىدىن بۇ ناخشىغا ، ئۇ ئاھاڭدىن بۇ ئاھاڭغا ئالمىشىپ توختىماي غىڭشىۋاتاتتى . بىر ھازادىن كېيىن ئۇ ناخشىدىن توختاپ تۇيۇقسىز نادىرەگە تىكىلدى . نادىرەنىڭ يۈزلىرى ياش يۇقى ، كۆزلىرى كۈلۈپ تۇرغان ھالىتى ئۇنىڭ كۆزىگە بەكمۇ گۈزەل ھەم ئۇماق كۆرۈنىۋاتاتتى .

-- نېمىگە قارايسەن ؟ بەك چىرايلىقمىكەنمەن ؟ _ دېدى نادىرە ئەكرەمگە قاراپ .

-- شۇنداق ، سىزدەك چىرايلىق قىز بالىنى ئۆمەر نېمە دەپ ... _ ئەكرەم گەپنىڭ ئايىغىنى يۇتتۇۋېتىپ .

ئۇ يەنە نادىرەگە سىنچىلاپ قاراپ تۇراتتى ، قارىغانچە خۇددى بۇ قىزنى قايتا تونۇۋاتقاندەك ، بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغاندەك يېنىش-يېنىشلاپ كۆز ئۈزمەي قارايتتى .

-- ۋاي بولدى قىلە ، نېماندا قاراۋېرىسەن ؟ ئىزا تارتىپ كەتتىم ،_ دەپ يۈزىنى تۇتۇۋالدى نادىرە ،_ يەپ قويىدىغاندەك قاراۋېرىدىكەن ئادەمگە .

-- شۇنداق ، سىزنى يېگۈم كېلىۋاتىدۇ .

-- يوقلە پىت يەيدىغان .

-- ھاھا ، مەن سىزنى يېگۈم كەلدى دېسەم ، سىز مېنى « پىت يەيدىغان » دەيسىزغۇ ؟ ئۇنداقتا سىز پىتكەنسىزدە ؟ _ دېدى ئەكرەم كىچىك بالىلاردەك كۈلۈپ ۋە دەرىزىدىن چۈشۈپ نادىرەنىڭ يېنىغا كەلدى .

-- يېقىن كەلمە ! _ دېدى نادىرە بەدىنىنى ئۆرىمەكچى بولۇپ ، لېكىن يارا ئېغىزى بەك ئاغرىۋاتقاچقا ئۆرۈلەلمەستىن ۋايجانلاپ تىترەپ كەتتى .
-- خاتىرجەم بولۇڭ ، مەن سىز ئويلىغاندەك ئادەم ئەمەس .
بۇ گەپنى ئاڭلاپ نادىرەنىڭ كۆزىدىن ياشلار تاراملاپ ئېقىپ كەتتى .
-- دەل مۇشۇ جۈملە ، ئۈمەرمۇ داۋاملىق مۇشۇنداق دەيتتى . لېكىن مەن ھېچقانداق ئوغۇل بالىغا ئىشەنمەيمەن . ماڭا يېقىن كەلمە !
-- خاتىرجەم بولۇڭ ، مەن گەرچە ئالىلقانداق ئاقكۆڭۈل ئادەم بولمىساممۇ ، ئاغىنەم ياخشى كۆرگەن قىز بالىغا نىيىتىمنى بۇزمايمەن .
-- ئاغىنەم ياخشى كۆرگەن ؟ _ دېدى نادىرە ئېسەدىگەن پېتى ،_ ئۇنىڭ گېپىنى قىلما !
دەل شۇ چاغدا ئەكرەم تېزلا بىر قەدەم ئېلىپ كارىۋاتقا ئېتىلدى ، نادىرە بولسا « ئاپا ! » دەپ چىرقىرىغىنىچە يوتقانغا مەھكەم ئورىنىۋالدى . بىر دەمدىن كېيىنلا نادىرەنىڭ ئۈستى يېنىكلەپ ئەكرەم كارىۋاتتىن ئايرىلدى . نادىرە بېشىنى ئاستا يوتقاندىن چىقىرىپ ئەكرەمگە قاراپ چۆچۈپ كەتتى .
-- ئاپا !!!
ئەسلىدە ئەكرەمنىڭ قولىدا بىر تال ناھايىتى يوغان ئۆمۈچۈك بولۇپ ، باياتىن ئۇ دەرىزىدە ئولتۇرۇپ ناخشا ئېيتقان ۋاقتىدىلا بۇ ئۆمۈچۈكنى بايقىغان ئىدى . بۇ ئۆمۈچۈك يامىشىپ كېلىپ نادىرەنىڭ كارىۋىتىنىڭ بېشىغا كېلىپ توختىغاندا ، ئەكرەم گەرچە بۇ ئۆمۈچۈكنىڭ ئادەم چاقمايدىغانلىقىنى بىلسىمۇ ، لېكىن نادىرەنىڭ قورقۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ، چاندۇرماي كېلىپ ئۇنى تۇتىۋالغان ئىدى .
-- بەك ئەسكىكەنسەن ، _ دېدى نادىرە ئەكرەمگە قاراپ .
-- سىز مېنى نېمە قىلار دەپ ئويلىدىڭىز ؟
نادىرەنىڭ يۈزى شۇئان شەپپىدە قىزاردى-دە ، يوتقانىنىڭ ئىچىگە بېشىنى تىقىۋالدى . بىر دەمدىن كېيىن ئەكرەمنىڭ غىڭشىغان ئاۋازى يەنە ئاڭلىنىشقا باشلىدى .
«يۇرۇگۈم يىغلار ، يامغۇرلۇق كېچىدە ،
يار كەتكەن يولۇڭغا قاراپ ... »
بىر ئازدىن كېيىن نادىرەمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ غىڭشىپ بىللە ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى .
« يۈرۈگۈم يىغلار ، يامغۇرلۇق كېچىدە ،
يار كەتكەن يولۇڭغا قاراپ .
بىلمىدىم يۈزۈمدە ئاققان ،
يامغۇر يا ياشمۇ ؟
بىلمىدىم يىغلىغان ،
زېمىنمۇ يا مەنمۇ ؟ !
...
ئېيتىپ - ئېيتىپ ناخشىنىڭ بىر يەرلىرىگە كەلگەندە ، نادىرەنىڭ ئاۋازى بارغانچە تىترەپ ، بۇ خىل تىترەش بارغانچە ئېسەدەشكە ، ئاندىن ئۇنىنى قويۇۋېتىپ قاتتىق ھۆكرەپ يىغلاشقا ئايلاندى . نادىرە يوتقاندا يۈزىنى مەھكەم ئورىۋالسىمۇ ، يىغلىغان ئاۋازى شۇنداق ئۇنلۇك چىقاتتى ، كىشىنىڭ يۈرەك-باغرىنى ئېزەتتى . ئەكرەم بولسا تاماكىدىن بىرنى قايتا تۇتاشتۇرۇپ تاماكا چەككەچ سىرتتىكى كېچە ئاسمىنىغا نەزەر سېلىپ دەرىزىدە ئولتۇراتتى .

« شەرقىي يېرىم شار » نىڭ ئايرىم خانىسىدا جۈرئەت ، پەرىدە ، ئۈمەر ۋە دىلبەرلەر رۇمكىنى لىقلاپ قويۇپ پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەن ئىدى . جۈرئەت بىلەن پەرىدە توختىماستىن دىلبەرنىڭ ياۋروپادا كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىنى سوراپ قىزىقىپ ئاڭلىماقتا ئىدى . ئۈمەر بولسا توختىماستىن ھاراق ئىچەتتى .
-- مەن بىر تېپىشماق ئېيتاي- ھە ! _ دەپ ئويۇن باشلىدى جۈرئەت .
-- قائىدىسى ؟ _ دېدى دىلبەر كۈلۈپ تۇرۇپ .
-- يېڭىلگەن كىشىنىڭ مۇھەببىتىنى _ ... ئايغىنى دېيەلمەستىن جۈرئەتنىڭ ئۇنى ئۆچتى .

پەردەمۇ ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى بىلگەچكە ، يەرگە قاراپ ئۈنسىز ئولتۇرۇپ كەتتى . چۈنكى بايـاتىنلا تېخى ئۆمەرنىڭ مۇھەببىتى ، ئۇنىڭ مۇھەببىتى نادىرە ئىدى . لېكىن ھازىر بۇ ئەھۋال ھەممىيلەننى بىر ئـاز گاڭگىرتـىپ قويغان ئىدى .

-- مۇھەببەتتىنى نېمە قىلدىڭ ؟ _ دەپ سورىدى دىلبەر قىزىقىپ .

-- يەڭگۈچى بىرنى سۆيۈپ قويىدۇ . _ دېدى ئۆمەر تۇيۇقسىز ئۈنچىقىپ .

جۇرئەت تېپىشماقنى باشلىدى :

-- ئەمسە دېدىم ھە ، دىققەت قىلىڭلار . ئۆمەر ئوۋغا چىقىپ ، ئون قۇشنى كۆرۈپتۇ ، شـۇنىڭ بىـلەن بىـر قۇشـنى ئېتىۋېتىپتۇ ، قالغان توققۇز قۇش ئۇچۇپ كەتمەپتۇ . بۇ نېمە ئۈچۈن ؟

پەردە بىلەن دىلبەر بىر-بىرىگە قاراپ بۇ غەيرىي تېپىشماقنى تاپالماي گاڭگىراپ قېلىشقان ئىدى .

-- ئۆلۈك قۇشنى ئاتقانمىدۇ يا ؟

-- ياق ، قۇش تىرىك ._ دەپ تولۇقلىدى جۇرئەت .

-- ئۇنداق بولسا ...

-- تۆگقۇشنى ئاتقاندۇ . _ دېدى ئۆمەر ھېچقانداق چىراي ئىپادىسىسىزلا . ئۇنىڭ بـۇ ھـالىتى ئىنتـايىن سـوغۇق بولۇپ خۇددى تـالادىكى قەھرىتـان سـوغۇق بـىلەن شـېۋىرغاننى بـۇ ئـايرىم خاننىـڭ ئىچىـگە باشـلاپ كىرگەنـدەك ، ھەممەيلەننىڭ تېنى بۇ جۇتتىن سۈركىنىۋاتاتتى .

-- بۇ جاۋاب توغرىمۇ ؟ _ دېدى دىلبەر قىزىقىپ .

-- توغرا ... _ دېدى جۇرئەت ئوڭايسىز ھالدا .

-- ئۇنداقتا پەردەنى بىرنى سۆيۈپ قويە ئۆمەر ! _ دېدى دىلبەر ئۆمەرگە قاراپ .

-- بولدى قىلە ئاداش ، _ دېدى پەردە قىزىرىپ ، _ كىچىك باللىدەك ، يا ئويۇننى ئويۇن قىلمىغان ...

ئۆمەر بېشىنى كۆتۈرۈپ بىر رۇمكا ھاراق ئىچىۋەتكەندىن كېيىن :

-- ئەگەر مەن ئۇتتۇرۇپ قويغان بولسام ، جۇرئەت سېنى سۆيسە چىدامتىڭ ؟

-- ئويۇن دېگەننى چىدىغانغا چىقارغان ، _ دېدى دىلبەر غىدىڭشىپ ، _مەيلى بولمىسا باشقا ئويۇننى ئوينايلى .

ئۆمەر ئورنىدىن تۇردى ۋە چاپىنىنى كىيىپ ، پەردىنى قايرىپ سىرتقا قارىۋەتكەندىن كېيىن :

-- مەن بەك ھېرىپ كەتتىم . مەن ئۆيگە كېتەي . سىلەرمۇ بالدۇرراق قايتىپ ئارام ئېلىڭلار ._ دېگىنىچە ئىشىكتىن چىقىپ كېتىپ قالدى .

ئىچىدىكى ئۈچەيلەن بىر-بىرىگە قارىشىپ ، نـېمە دېيىشـنى بىلەلـمەي ، قولـىدىكى ۋىـسكىينى كۆتۈرىـشۋەتتى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا تەمشەلدى .

يول ئۈستىدە قەھرىتان قىش كېچىسىدىكى شېۋىرغان ئۆمەرنىڭ يۈزلىرىگە  سانچىلاتتى . يولدا ماشىنىمۇ كۆرۈنمەيتتى . ئۆمەر پىيادە يولنى داۋام قىلماقتا ئىدى .

-- ئۆمەر ! ئۆمەر ، توختاپ تۇر !

ئۆمەر دىلبەرنىڭ چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئاستا توختىدى .

-- مېنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويامسەن ؟

-- ئۆيۈڭنى بىلمەمسەن ؟

-- سەن ... !

-- مەن بەك ھېرىپ كەتتىم ، ئۆزۈڭ كېتىۋەر . _ دېدى ئۆمەر بۇرۇلۇپ يولغا راۋان بولماقچى بولۇپ .

تۇيۇقسىز دىلبەر ئۆمەرگە ئۆزىنى ئاتتى ۋە كەينىدىن ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ :

-- ياق جېنىم ، مەن سەندىن ئايرىلالمايمەن .

ئۆمەر ئۈن-تىنسىز جايىدا تۇراتتى ، دىلبەر بولسا ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ ئۇنىڭ مۈرىسىگە يۈزلىرىنى سۈركەيتتى . دىلبەرنىڭ بەدىنى تىترەيتتى . ئۆمەرنىڭ بۇرۇلۇپ ئۇنى باغرىغا بېسىشىنى كۈتەتتىيۇ ، لېكىن ئۆمەر جايىـدا مـىت قىلمـاي جىم تۇراتتى .

بىر ھازادىن كېيىن ، دىلبەر ئۆمەرنى قويۇۋەتتى .

-- ئاله ، شارپاڭنى ئۇنتۇپ قاپسەن .

ئۆمەرنىڭ شارپىسنى بەرگەندىن كېيىن ، دىلبەر كەينىگە بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى . ئۇنىڭ گەۋدىسى بارا-بارا يىراقلاپ ، ئاخىرى كېچىدىكى غۇۋا يول چىرىغىنىڭ نۇرلىرى ئىچىدە غايىب بولدى .

ئۆمەر يولنى راۋان قىلماقتا ، ئۇ ھازىر قەيەرگە قايتىشنى بىلمەيتتى . قەيەرگە قايتىشنى ئەمەس ، ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا كىمنىڭ يېنىغا قايتىشنى بىلمەيتتى . ئۇنىڭ تېخى ئۇيقۇسى كېلىپ كەتمىگەن ئىدى . پەقەت بىرسىنى تېپىپ ئۇزۇندىن ئۇزۇن پاراڭلاشقۇسى بار ئىدى . ئۆزىنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىنى چۈشىنىدىغان بىرسىنى تېپىپ ، ئۇنىڭغا ئويلىغانلىرىنىڭ ھەممىسنى دېگۈسى بار ئىدى . ئۆمەردە بۇنداق سەزگۈ بولۇپ باقمىغان ئىدى . مانا ئەمدى بولسا ، بۇ خىل سەزگۈ شۇنچىلىك ئېنىق ، شۇنچىلىك كۈچلۈك ئىدى .

يولدىكى شېۋىرغان ئۆمەرنىڭ يۈزلىرىگە يىڭنىدەك سانچىلىۋاتاتتى . ئۇ شارپىنى بويىنىغا يۆگىدى . شارپىدىن ئىللىق، بىر خىل تونۇش پۇراق كېلىۋاتاتتى . بۇ پۇراق شۇنچىلىك تونۇش ئىدىكى ، تېخى نەچچە سائەتنىڭ ئالدىدا چېچىلغان ئەتىردەك ، بىراق « شەرقىي يېرىم شار » دىن چىققاندىن كېيىن ، ئۆمەر قانچىلىك ئەسلىسىمۇ ، كۈچەپ ئەسلىسىمۇ بۇ پۇراقنى ئېسىگە ئالالمايتتى .

ئۆمەرنىڭ كۆزىدىن بىر تامچە ياش سىرغىپ چۈشتى ، بۇ بىر تامچە ياش خۇددى يۈزىدە مۇزلاپ قالغاندەك ، شۇنچە سوغۇق ئىدى . شېۋىرغاننىڭ سانچىشىدىنمۇ ياكى نە سەۋەبتىن ، بۇ بىر تامچە ياش ، شۇنچىلىك ئىختىيارسىزكى ، ھەتتا ئۆمەرمۇ بۇنى سەزمەي قالغان ئىدى .

شۇ كۈنى سەھەردە ، دوختۇرنىڭ ئىجازىتى بىلەن ، ئەكرەم نادىرەنى ئېلىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى ۋە ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى . دەل شۇ كۈنى نادىرەنىڭ ئاپىسى قايتىپ كەلگەن بولۇپ ، نادىرەنىڭ ئەھۋالنى سۈرۈشتۈرگەندىن كېيىن قاتتىق كايىشقا باشلىدى .

-- چوپچوڭلا قىز بالا تۇرۇپ ھەدېسلا ماڭا ئىش چىقىرىپ بېرىسەن ، سەن بىر ئوغۇل بالا بولساڭ كاشكى ، تالادا مۇشلىشىپتۇ چانىشىپتۇ دېسەم ، بۇ قىز بالىغا نېمە ئىش ئەمدى ، پۈتۈن يېرىنى يارا قىلىپ ؟

-- ئاپا ، شۇ ... شۇ بىر يۈك ماشىنىسىغا سۈرۈلۈپ كەتتىم ... مەنمۇ قەستەن قىلمىغان تۇرسام ...

-- يۈك ماشىنىسى كەلگۈچە يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا نېمە بارتى ساڭا ؟ ماڭە ئۆيگە كىرىپ ساقايغۇچە جىمراق يات .

نادىرەنىڭ ئاپىسى ئەكرەمگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن :

-- ئەكرەمجان بالام ، ھەر قايسىڭلارمۇ ئوغۇل بالا بولغاندىكىن ، نەگە بارساڭلار قىز بالىنى تەڭ سۆرەپ بارماڭلار ئەمدى ، سىلەرمۇ كىچىك ئەمەس ، چوڭ بولدۇڭلار ، ماۋۇ ئەھلى-يۇرتنىڭ ئالدىدا گەپ بولىدۇ .

ئەكرەم نادىرەنىڭ ئاپىسىنىڭ بىر سۆز باشلىسىلا ئاپىغى ئۈزۈلمەيدىغان مىجەزىنى ئۇققاچقا ، ئىتتىكلا كەينىگە بۇرۇلۇپ لىفتكە قاراپ ماڭدى .

-- نادىرە ، مەن كەتتىم ئەمسە ، ياخشى ئارام ئېلىڭ . _ دېگىنىچە يۈگرەپ يۈگرەپ لىفتنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى ئەكرەم .

« زەرىبدارلار ئەترىتى » بىر تور بېكەت بولۇپ ، نۇرغۇنلىغان ياش ئوغۇل-قىزلارنىڭ توردا يىغىلىشىدىغان سورۇنى ئىدى . بۇ يەرنىڭ ئۆز ئىسمىغا خاس بولمىغان يېرى ، بۇ يەر قانداقتۇر باشقا ئۇيغۇر تور بېكەتلىرىگە ئوخشاش مۇنازىرىنى ئاساس قىلغان مۇنبەر بولماستىن ، بەلكى « مۇھەببەت زەرىبدارلىرى » نىڭ جايلاشقان يېرى ئىدى .

كۆز يۈگۈرتىدىغان بولساق، جەمئىيەتتە، ئەتراپىمىزدا، قانچىكى ھېسسىياتى كۈچلۈك ۋە رومانتىك كۆرۈنگەن كىشىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىچىدە شۇنچە دەردى ئېغىر . مەسىلەن يېڭى مۇھەببەتلەشكەن قىز-يىگىتلەرنى ئېلىپ ئېيتساق ،

تۈنجى مۇھەببەت گەرچە كۆرۈنۈشكە شۇنچە ئاددىي ۋە ئىللىق ، ئۇنتۇلغۇسىز تۇيۇلسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ جەمئىيەت ۋە ئائىلە ئاساسىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلغان ، پەقەت كىشى روھىيىتىنىلا ئاساس قىلغان ئىپلاس خاراكتېرى نۇرغۇنلىغان مۇھەببەتنى تېخى چۈشىنىپ يېتەلمىگەن كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنى لەختە-لەختە قان قىلاتتى . ھەتتا ئوغۇل باللارمۇ يەنە مۇشۇ ساددا مۇھەببەتنىڭ ئىشقىدا كېچىلەپ ياستۇقتا ئاغزى-بۇرنىنى چىڭ يۆگەپ يېتىپ ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتەتتى .

ھاراق سورۇنلىرىغا قارايدىغان بولساق ، ھاراقنى ئالدى-كەينىنى ئويلاشماي ھەممىدىن بەك نوچىلىق بىلەن ئىچىۋاتقان ، ھەممىدىن بۇرۇن قۇسۇپ شىرەگە بېشىنى قويۇپ يېتىپ ، كۆزىدىن ياش بۇرنىدىن پوتلا ياندۇرۇپ كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئوبرازىنى نۆل قىلىۋاتقان ياشلار ، شۇ تۇنجى مۇھەببەتنىڭ دىلىدا قالدۇرغان جاراھىتىدە ، چەكسىز بۇرۇقتۇملۇق ئىچىدە ، ھايات يولىدا گاڭگىرىشىپ قالغان ئىدى .

مەكتەپتە مۇھەببەتلىشىۋاتقان ياشلارنى ئېلىپ ئېيتساقمۇ ، ئۇلار بىر-بىرىگە مەڭگۈلۈك ۋەدىلىرىنى بەرگەن چاغلىرىدا ، كۆلكىلىك يېرى ئۇلار ئۆزىنى مەڭگۈ مەكتەپ قويندا ياشايمىز دەپ قالغان ئىدى .

شۇڭىمۇ ، بۇ « زەرbىدارلار ئەترىتى » نىڭ ئەزالىرى ئاساسىي جەھەتتىن مۇشۇ مۇھەببەت يولىغا قەدەم قويغان ھەم قەدەم بېسىش ئالدىدا تۇرۇپ دانىخورىكى تېخى تولۇق چۈشۈپ كەتمىگەن ياش باللاردىن تەركىب تاپقان ئىدى.

ئۆمەر ئېكرانغا قاراپ خىيال سۈرمەكتە ئىدى . مۇشۇ ۋاقىتتا ، كىملەر ، يەنە مۇشۇ تور بېكىتىگە قاراپ ئولتۇرغاندۇ ؟ كىملەر ئۆزى بىلەن ئوخشاش ياكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان خىياللار ئىلكىدە ، ئىچىدىن سىرتىغا چىقىرالمىغان قىيىن ئويلىرىنى كىملەرگە بىلدۈرمەكچى بولۇشۇۋاتقاندۇ ؟

ئۆمەر ئاستا-ئاستا كۇنۇپكا تاختىسىنى چېكىشكە باشلىدى :

« بىزنىڭ دەۋرىدىكى ياشلارنىڭ ئەڭ زور خاتالىقى ھېسسىياتقا بەك باي بولۇشتىن ئىبارەت ، خالاس . لېكىن مۇشۇ ھېسسىياتقا بەك باي بولۇپ كېتىشنىڭ ئۆزى، بىزنى بىر ئاممۇۋي ھاجەتخانىدەك ، كىملا ئولتۇرسا بولىۋېرىدىغان سېسىقى پۇر كەتكەن بۇزۇقلاردىن قىلىپ تەربىيەلىدى.

بەلكىم ، بىز ھازىرقىدىن ياخشى كىشىلەردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقالايتتۇق . بىز بۇنى مۇھەببەتنىڭ قوينىدا ياكى ئازغىنە سەزدۇق ، لېكىن تېزلا يەنە ئۆزىمىز توغرا دەپ قارىغان يولغا ماڭدۇق.

سۆيگۈنىڭ خەنجىرى بىلەن مۇھەببەتنىڭ يەنە بىر رەزىللىككە تولغان تەرىپىنى ئېچىپ كۆرۈشكە جۈرئەت قىلغان پەيتتە ، كۆزلىرىمىزدىن ئېقىشقا تەمشىلىۋاتقان ئاچچىق ياشلىرىمىزنى چانىقىمىز ئىچىگە كۆچەپ بېسىپ ، كۆز يېشىنىڭ ئاچچىقىغا چىدىمىغان بۇرنىمىزنى كۆچەپ تارتىپ ، شېۋىرغانلار ئىچىدە يەنىلا بىر قۇر ھېچكىمگە سىر بەرمەيدىغان كىشىدەك قەددىمىزنى زورىغا رۇسلاپ ، كىنولاردىكى كىشىلەردەك ئۆزىمىزنى مەۋھۇملۇقنىڭ ئىچىگە تېخىمۇ تارتىپ ، ئېيتماققا كىچىككىنە بولغان ئازابلىرىمىزنى يوشۇرۇپ كۆنلەرنى تۈنلەردىن ئاشۇرۇپ ئۆتىۋاتقان كۈنلىرىمىزدە ، بەلكىم بىز ۋاز كېچىشنى ئويلىشىپ باقمىغان ئىدۇق .

ئەگەر بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇلاردەك ، ئاشۇ بىزنى چۈشەنمەيدىغان كىشلەر ئېيتقاندەك كىچىكلىك دەپ ئويلىغان بولساق ئىدۇق ، بىز چوڭ بولۇشقا ئىنتىلەتتۇق . لېكىن بىز ھازىر ۋاقىتنى توختىتىشقا ئامالسىز پىترىماقتىمىز . چۈنكى چوڭ بولغانلىقىمىزنى بىز پەقەت بۇرۇنقىدىن ئېغىر بولغان دەردنىڭ ئىچىدە ئاندىن ھېس قىلاتتۇق ... »

ئۆمەر ھەتتا ئۆزىمۇ ئوقۇپ چۈشەنەلمەيدىغان ، لېكىن دەل شۇ پەيتتە ئۆزىنىڭ بارلىق ئوي-پىكىرلىرىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان بىر نەچچە ئابزاسنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن ، بەش مىنۇتتا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بىر قىزيازغان بىر پارچە ئىنكاسنى كۆردى :

« ھەتتا ئۆزىڭىزمۇ ئىشىنىشكە جۈرئەت قىلالمىغان مۇھەببەتكە نېمىشقا مېنى ئىشەندۈرۈشكە تىرىشىسىز ؟ بارلىق مۇھەببەت زەربىدارلىرى ، بىلىپ-بىلمەي بىر-بىرىمىزنىڭ يۈرىكىگە بەك جىق زىيانكەشلىكلەرنى قىلدۇق . »

نادىرە ئېكرانغا تىكىلىپ ئولتۇراتتى . لېكىن ئۆمەردىن ئۈنچىقمىدى .

ئۇ تېلېفوننى قولىغا ئېلىپ ئۆمەرگە مۇنداق بىر پارچە ئۇچۇر يازدى :

«ئۇ كىم ؟»

خېلى ئۇزۇن ساقلىغاندىن كېيىن ، ئۆمەر ئۇچۇر قايتۇردى :
«ئۇ دىلبەر . »
نادىرە بىردەم ئويلىنىۋېلىپ يەنە ئۇچۇر يازدى :
« دىلبەر كىم ؟»
بۇ قېتىمقى ئۇچۇر كەتكەندىن كېيىن ، ئۆمەر ئۇچۇر قايتۇرمىدى . نادىرە شۇنچە ساقلىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۆمەردىن سادا يانمىدى .
-- نادىرە ! ھۇي نادىرە ، مەيەرگە چىقە قىزىم ، ماۋۇ كىيىمنى كىيىپ باقە . _ نادىرەنىڭ ئاپىسى ئۇنى چاقىرىۋاتاتتى .
-- مانا ھازىر .
تۆپۈقسىز كېۇكېۇغا ئۇچۇر كەلدى . ئۆمەرنىڭ تونۇش باش سۈرىتى ، نادىرەگە قاراپ سەكرەۋاتاتتى . نادىرە تترىگەن قوللىرىدا مائۇسنى باش سۈرەتنىڭ ئۈستىگە سۈرۈپ ئاپىرىپ چەكتى .
« دىلبەر مېنىڭ مۇھەببىتىم . دىلبەر بىلەن بىر يىلدىن كېيىن قايتا ئۇچراشقان ئاشۇ دەقىقىدىلا ، مەن ئۆزۈمنىڭ خاتا ئىش قىلغانلىقىمنى ، سەن بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۆزۈمنىڭ خاتا چۈشىنىۋالغىنىمنى سەزدىم . بەلكىم ، بىزنىڭ ئارىمىزدە مۇھەببەت بولۇپ باقمىغاندۇ ، لېكىن مەن كەم ئەقىللىق بىلەن يەنىلا خاتا ھالدا ئۆزۈمنىڭ دىلبەرگە بولغان بارلىق سېغىنىشلىرىمنى ساڭا ئېپادىلەپتىمەن . مېنى كەچۈر نادىرە . بەلكىم سەن مېنى كەچۈرەلمەسەن ، ياكى كەچۈرۈپ بولالماسسەن . لېكىن يەنىلا ساڭا شۇنداق دېگۈم كېلىدۇ ، مېنى كەچۈر نادىرە . »

-- نادىرە ! ھەي ! مەن سېنى چاقىرىۋاتىمەن ، چىقە ماۋۇ يەرگە ئولتۇرىۋەرمەي ! _ نادىرەنىڭ ئاپىسى سىرتتىكى ئۆيدىن توختىماي چاقىراتتى .
نادىرە بولسا ئاپىسىنىڭ يېنىغا چىقماستىن ھۇجرىسىنىڭ ئىچىدە ئىشىككە يۆلىنىپ يەردىلا ئولتۇرۇپ قالدى . يىغلىغان ئاۋازىنىڭ ئاپىسىغا ئاڭلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ، قولىدىكى لۆڭگىنى چىڭ چىشلىگىنىچە ، كۆزلىرىدىن ئۇنچىدەك ياشلىرى تارام-تارام بولۇپ چۈشۈۋاتاتتى . تىنىقلىرى پېتىشمەي ، لۆڭگىدە توسۇۋالغان ئېغىزىدىن خىرقىرىغان ئاۋاز ئاڭلىناتتى ، لەۋلىرى جانسىز تىترەيتتى . ئۆپكىسى قادىلىپ ئاغرىۋاتاتتى . كۆز ياشلىرى نادىرەنىڭ يۈز-كۆزلىرىنى پۈتۈن نەم قىلىپ ، يەنە پول ئۈستىگە چىپ-چىپ قىلىپ ئېقىپ چۈشۈۋاتاتتى .
-- ھەي نادىرە ! نېمانداق قىلىدۇ ماۋۇ ؟! چىق دەيمەن ! _ ئاپىسى ئاخىرى تاقەت قىلالماي ئىشىكنى ئىتتىرىپ ھۇجرىغا كىرمەكچى بولدىيۇ ، ئىشىك ئېچىلمايتتى .

ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتتى . قىشتىكى ئەڭ ئاخىرقى قار ، فېۋرالنىڭ سوغ شىۋىرغىنىدا ھەريان ئۇچۇپ كىشلەرنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلاتتى .
-- جۇرئەت ، دىلبەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى قانداق ئۆتكۈزسەك بولار ؟ ئۆيدىكىلەر بىلەن ئۆتكۈزىمەن دەپ تۇرۇۋالارمۇ يا ؟ _ سورىدى پەرىدە .
-- ئۇنداق قىلماس . ئۇ دېگەن ئاشىق-مەشۇقلار بايرىمى تۇرسا ، ھەرقانچە بولسىمۇ ئۆيدىكىلەر بىلەن بىللە ئولتۇرىۋالماس، يەنە كېلىپ تۇغۇلغان كۈننى ئويلىمىسىمۇ ، بۇ كۈننى ئۆمەر بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈشنى ئويلايدىغاندۇ ؟
-- ئۇغۇ شۇ . ئەمىسە قانداق قىلىمىز ؟ -- قانداق قىلىتۇق ؟ ئۈچ ئوغۇل ئۈچ قىز ، گاڭخو ئالتە بولىدىكەنمىز، « شەرقىي يىپرىم شار » دا ئولتۇرلى .
-- ئەمىسە نادىرەچۇ ؟ نادىرە چىدىيالارما ئاشۇ ئىككىسىنىڭ كۆز ئالدىدا چاپلىشىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرسە ؟
-- ھەي ... بۇ راستلا بىر كاللا يەيدىغان مەسىلە بولدى ، _ دېدى جۇرئەت ئۇھسىنىپ ، _مۇھەببەتلىشىپ قويغانمۇ گۇناھمۇ نېمە بۇ ھازىرقى دۇنيادا ؟
-- مۇھەببەتلىشىپ قويغان گۇناھ ئەمەس ، ئىككى قېتىمقا تەڭ دەسسەپ قويسا ئوتتۇرىدىن تەڭ ئىككى پارچە بولۇپ كېتىدىغان گەپ شۇ ! جۇرئىتاخۇن سىلىمۇ دىققەت قىلىۋالسىلا !
-- ئوغۇل بالا دېگەن ئوتتۇرىدىن تەڭ ئىككى پارچە بولمايدۇ . ئۇنداق پارچىلانمايدۇ . _ دېدى جۇرئەت پەرىدەگە قاراپ سەت ھجييپ .

-- بەك قىلىنكەنسەن لېكىن جۈرئەت ، _ دېدى پەرىدە ۋە « تاس » قىلىپ يېنىككىدە جۈرئەتنىڭ يۈزىگە بىر تەستەك ئۇردى .

-- تۇغۇلغان كۈنۈڭدە باللار يىغلايلى دەيدۇ ، _ دېدى ئۆمەر تېلېفوندا .
-- مەيلى .
-- مەيلى ؟ مەيلى دېگەن قانداق گەپ ؟
-- ئاشۇنداق قىلايلى دېدىمغۇ ، لېكىن ... نادىرە ... _ تېلېفوندا دىلبەر دۇدۇقلاۋاتاتتى .
-- ئۇنىمۇ چاقىرايلى .
-- سېنىڭچە نادىرە ئاشۇنداق ئولتۇرالارما ؟
-- ئولتۇرالماي قانداق قىلىتى ، بىز يانتاق قىستۇرمىساق يا ؟ ئولتۇرالمىسا كەلمىسىمۇ بولىدۇ . _ دېدى ئۆمەر .
-- ...
-- كەچتە كۆرۈشەيلى ، سېنى بەك كۆرگۈم كېلىپ كەتتى .
-- كونا جايدا .

شۇ كۈنى كەچتە ، دىلبەر ئۆمەرنىڭ قولتۇقىغا ئېسىلىپ رەڭگارەڭ چىراغلارنىڭ نۇرىدا كۈندۈزدەك بولۇپ كەتكەن رەستىنىڭ ئىچىدە ئايلىنىۋاتاتتى . ئۇلار ئايلىنىپ -ئايلىنىپ ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى . دىلبەرنىڭ « كىرىپ چىقايلى » دەپ زورلىشى بىلەن ئىككىسى ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق شەھەرچىسى ئىچىدىكى خىلمۇخىل ئۆزلىرى كىچىكىدە كۆرۈپمۇ باقمىغان قىزىقارلىق ئويۇنچۇقلارنى كۆردى .
-- مەن تەڭگە سېتىۋېلىپ كېلەي ، مۇشۇنى ئوينايلى ، بەك قىزىقارلىقكەن . _ دېدى ئۆمەر ۋە پوكەيگە قاراپ ماڭدى .
ئۆمەر سېتىۋالغان تەڭگىلىرىنى يانچۇقىغا سېلىپ شۇنداق ئۆرۈلىشىگە ، بىر قىزىقارلىق ئويۇنچۇق ماشىنىسىغا كۆزى چۈشتى . بۇ ئويۇن ماشىنىسىنى ئىككى ئادەم تەڭ كونترول قىلىدىغان بولۇپ ، ئوينىغۇچى ماشىنىنىڭ ئالدىدىكى كىچىك «سەھنە» نىڭ ئۈستىگە دەسسەپ تۇرۇپ مۇزىكىنىڭ رىتىمغا ئەگىشىپ پۇت-قوللىرىنى ئۇسسۇل ئوينىغاندەك ھەرىكەتلەندۈرەتتى ، ماشىنىدىكى لازېر نۇر ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنىڭ توغرا-خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىپ نومۇر بېرەتتى . ھازىر بۇ ئويۇنچۇقنى بىر جۈپ قىز-ئوغۇل ئويناۋاتقان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى شۇنداق چاققان ۋە ماسلاشقان ، قاراشقىلا ناھايىتى ئۇستا كۆرۈنەتتى .
« سەل تۇرۇپ دىلبەر بىلەن مۇشۇ ئويۇنچۇقنى بىر ئوينىساق بولغۇدەك . » دەپ ئويلىدى ئۆمەر ئىچىدە .
لېكىن بۇ ئىككى كىشىگە قارىغاندىن كېيىنلا ئۆمەر ھەيران قالدى. چۈنكى بۇ قىز بالا نادىرە ، ئوغۇل بالا بولسا ئۆزىنىڭ يېقىن ئاغىنىسى ئەكرەم ئىدى .
ئۆمەر جايىدا تۇرۇپ بۇلارنىڭ ئوينىشىنى كۆرۈپ تۇردى . نادىرە پەي چاپىنىنى سېلىپ ماشىنىنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويغان بولۇپ ، ئاپئاق مايكا كىيىۋالغان ئىدى . نادىرەنىڭ بەدىنى ناھايىتى كېلىشكەن بولۇپ ، ئۆمەر تۈزۈك كەينىدىن ئۇنىڭغا قاراپ بولمىغاچقا ، بوگۈن بۇ قىزنى قايتا تونۇغاندەك ، ئۇنىڭ مۇزىكىغا چۈشكەن رىتىملىق ، شوخ ھەرىكەتلىرىگە قاراپ ئىختىيارسىز مەستلىكى كېلىپ قاراپ تۇرۇپ كەتتى . ئەكرەمنىڭمۇ ئۆگىنىۋاتقان كەسپى خەلقئارالىق ئۇسسۇل بولغاچقا ، بۇنداق ئويۇن دېگەندىن چاڭ چىقىرىۋېتەتتى . شۇڭا بۇ ئويۇنچۇقنىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇن كىشىلەر بۇ بىر جۈپ كېلىشكەن قىز-ئوغۇلنىڭ ناھايىتى يۇقىرى بولغان ماھارىتى كۆرگىلى يىغىلىشىۋالغان ئىدى .
مۇزىكا ئاخىرى تۈگىدى ، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي نومۇرى ئالىبۇرۇن ماشىنىنىڭ ئۈستىگە چاپلاپ قويۇلغان رېكورتتىن خېلىلا ئېشىپ كەتكەن ئىدى . نادىرە نومۇرنى كۆرۈپلا خۇشاللىقىدىن « يې ! » دەپ توۋلىغىنىچە ئەكرەمنىڭ بوينىغا ئېسىلدى . پۈتۈن مەيدان گۈلدۈراس ئالقىش ساداسىغا چۆكتى ، ھەتتا ئارقا تەرەپتە « ئەجەبمۇ-يولۋاس » قا دو تىكىۋاتقان كىچىك قىمارۋازلارمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارنىڭ يۇقىرى نومۇرىغا قاراپ بارىكاللا ئېيتىۋاتاتتى .
-- بەك ماس كەپسىلەرغۇ ، _ دېدى ئۆمەر سوغۇققىنا .

نادىرە بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ، كىشلەر ئارىسىغا بىر كۆز يۈگۈرتۈپ ئۆمەرنى كۆردى ۋە ناھايىتى قىسقا بىر دەقىقىلىك ئوڭايسىزلىقتىن كېيىنلا تەكەببۇر ھالىتىگە قايتتى ، ئۇنىڭ بۇ ھالىتى ئۆمەر ئۇنى يېڭى ئۇچراتقان ئاشۇ كۈندىكى ھالىتىگە بەك ئوخشايتتى . ناھايىتى تەكەببۇر ، كۆزىدە ھېچكىم يوق بىر قىزنىڭ ھالىتى ئۆمەرنىڭ كۆز ئالدىدا قايتا پەيدا بولدى .

-- شۇنداق ، ماس كەلگەچكە نەچچە كۈن بولدى ، ھەر قېتىم ئوينىساق رېكورت بۇزۇۋاتىمىز . خەق قوغلاپمۇ يېتىشەلمەيۋاتىدۇ ،_ دېدى نادىرە بۇرنىنى يېنىك قىقىپ .

-- ۋوي ئۆمەر كەپ قاپسەنغۇ ئاداش ، _دېدى ئەكرەم ۋە دەرھال ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۆمەرنىڭ ئالدىغا كەلدى .

-- قانداق كەلسەم بولمامتى ؟ _ دېدى ئۆمەر كۆزىدىكى ئوتنى بېسىۋېلالماي .

-- ئۆزۈڭ يالغۇز كەلمگەنسەن ؟

-- دىلبەر بار .

نادىرە ئالدىغا ئۆتۈپ ئۆمەرگىمۇ قارىماستىن :

-- قانداق ئەكرەم ، ئۆمەر بىلەن دىلبەرنى بىر مەيدان ئوينىتىپ باقامدۇق ؟

دەل شۇ چاغدا دىلبەرمۇ ئۆمەرنىڭ قايتىپ كەلمگەنلىكىنى كۆرۈپ نېمە ئىش يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي ئۇنى ئىزدەپ كەلگەن ئىدى . كېلىپلا نادىرە بىلەن ئەكرەمنى كۆرۈپ ، ئەكرەمگە بىلىنە -بىلىنمەس سالام قىلغاندىن كېيىن ئۆمەرگە قارىدى .

-- ئۇلار بىزنى جەڭگە چاقىرىۋاتىدۇ ، ئويناپ باقامدۇق ؟

دىلبەر بۇ يەردە نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمەستىنلا ئۆمەر تەرىپىدىن « سەھنە »گە سۆرىگەندەك تارتىپ چىقىلدى .

-- بۇنى ئويناپ باققان بولغىيتىڭ ؟ _ سورىدى ئۆمەر .

-- ئويناشنىغۇ ئوينىغان ، لېكىن تازا ئۇستا ئەمەس ، چېنىپ قالارمەنمىكىن ، _ دېدى دىلبەر تارتىنىپ .

ئۆمەر دىلبەرگە بۇ ئويۇننى قانداق ئوينايدىغانلىقىنى ، قانداق قىلغاندا يۇقىرى نومۇرغا ئېرىشىدىغانلىقىنى بىر قۇر چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەندىن كېيىن ، ئەكرەم بىلەن نادىرەگە قاراپ بۇرنىنى قىقىپ قويدى .

شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ ئويۇنى ، ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ مۇسابىقىسى باشلاندى . دىلبەر « بىلمەيمەن » دېگىنى بىلەن سەۋىيەسىمۇ خېلى بار ئىدى . ئۆمەرمۇ ئويۇنچۇق ئېتى بار نەرسىگە تەبىئىي تالانتى بولغاچقا ، ھەرىكەتلىرى ئەكرەمدەك ئۆلچەملىك ۋە تېز بولمىسىمۇ ، ئىشقىلىپ رېتىمدىن قالماي ، خاتالىق چىقارماي ئويناپ كېلىۋاتاتتى . شۇڭا ئۇلارنىڭ نومۇرىمۇ ئىنتايىن يۇقىرى چىقتى .

بىر قول ئاياغلاشقاندىن كېيىن ، نادىرەنىڭ ئوڭ قول ھەرىكىتىدىكى كىچىككىنە خاتالىقى بىلەن ، ئەكرەم بىلەن نادىرەنىڭ ئومۇمىي نومۇرى ئازراق كېمىيىپ كېتىپ ، ئۆمەرلەر بىلەن تەڭلىشىپ قالدى .

-- بۇ بەك ئاستا بولۇپ قالدىمۇ يا ؟ _ دېدى نادىرە ئۆمەرگە قاراپ .

-- مەيلى ئۇنداق بولسا ئىتتىكرەكىنى ئوينايلى . _ دېدى ئۆمەر ئىشەنچ بىلەن .

شۇنداق قىلىپ مۇزىكىنىڭ رېتىمى 135لىك قىلىپ تەڭشەلدى . بۇ گەرچە ئەڭ تېز رېتىم بولمىسىمۇ ، لېكىن بۇ ئويۇنچۇقتا ئويناش ۋە نومۇر ئېلىش خېلىلا تەس بولغان مۇزىكا رېتىمى ئىدى .

-- دىققەت قىل جۇمۇ ، بۇ قول چوقۇم يېڭىۋېتىشىمىز كېرەك ، _ دېدى ئۆمەر تەييارلىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن دىلبەرگە .

-- چاتاق يوق .

ئەكرەم تۆۋەندە ئىزچىل ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ تۇراتتى . نادىرە بولسا دىلبەرنىڭ بەدىنىگە قاراۋاتاتتى . ئىچىدە دىلبەرنىڭ بەدەن قۇرۇلۇش شەكلىنى ئۆزى بىلەن سېلىشتۇرۇۋاتاتتى. ئۆمەر بىلەن دىلبەر بولسا ئىزچىل خاتالىقسىز ھەربىر ھەرىكەتنى تاماملىماقتا ئىدى. ئەتراپتىكى كۆرۈرمەنلەر بارغانسېرى كۆپ يىغىلغىلى تۇرغان ئىدى.

تۇيۇقسىز بىر كەينىگە يېرىم چەمبەر ئايلىنىپ ئۆرۈلىدىغان ھەرىكەتتە كەلگەندە ، دىلبەر خاتا يۆنىلىشتە ئايلىنىپ ئۆمەرنىڭ پۇتىغا پۇتلىشىپ «سەھنە»نىڭ ئۇستىگە يىقىلدى . ئۆمەر ئاچچىقتىن ئۇنى يۆلمەيلا ئويۇنچۇقتىن ئايرىلىپ كەينىگە بۇرۇلمايلا كېتىپ قالدى .

پۈتۈن مەيداندىكى كۆرۈرمەنلەر گەرچە باياتىندىن بېرى بۇ بىر جۈپ ئوغۇل-قىزنىڭ ماھارىتىدىن ھۇزۇرلىنىۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ ، ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي تاقەتسىزلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ ئويۇنلىرىغا مېڭىشتى . بەزى جۈپتى بىلەن كەلگەن قىزلار بولسا يىگىتلىرىگە قاراپ « بەك ئۆششۇق بالىمۇ نېمە ؟ » دېيىشىپ بېشىنى تولغىشىپ كېتىپ قېلىشتى .

ئەكرەم بىلەن نادىرەمۇ بۇ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشتىن سەل ھەيرانلىقتا قالدى . ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۆمەرنى تونۇۋالمىدى . ئىشقىلىپ يېقىندىن بېرى ئۆمەرنى ھېچكىم چۈشىنەلمەي قېلىۋاتاتتى . ئۇنىڭغا يېقىنلاشقان ئادەم سانجىق يەۋاتاتتى .

ئەكرەم دەرھال ئېسىگە كېلىپ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋاتقان دىلبەرنى تېزلا يۆلەپ تۇرغۇزدى ۋە كۆڭۈل بۆلۈپ :

-- بىر يېرىڭ ئاغرىمىغاندۇ دىلبەر ؟

-- چىدىماس ! ... _ دېدى دىلبەر چانىقىدا لىغىلدىغان ياشلىرىنى زورىغا بېسىپ تۇرۇپ .

ئەكرەم ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىۋاتاتتى .

-- ھېچقىسى يوق . ئۆمەرنىڭ يېقىندىن بۇيان كەيپى تازا ياخشى ئەمەس. ئوڭشىلىپ قالىدۇ . توغرا چۈشەن ...

شۇنداق قىلىپ بۇ ئايىغى چىقمىغان كۆڭۈلسىز ئويۇندىن ھەممەيلەن بىر-بىرلەپ تارقاپ ئويۇنچۇقخانىدىن چېكىندى . ئويۇنچۇقخانىنىڭ سىرتىدا ئۆمەر ئوڭايسىزلانغان ھالدا دىلبەرنى ساقلاپ تۇراتتى .

-- خاپا بولما ، بايا ئويۇننىڭ ئىچىگە بەك كىرىپ كېتىپتىمەن .

دىلبەر ئاغزىنى ئۇچلاپ تۇرۇپ قىيىدىغاندەك ، كىچىك يۇمران قوللىرىنى چىڭ تۈگۈپ ئۇنىڭ مۈرىسىگە توختىماي مۇشلاۋاتاتتى . ئۆمەر بۇرۇلۇپلا ئۇنى قۇچاقلىۋالدى .

ئەكرەم بىلەن نادىرە ئىز بېسىپلا ئويۇنچۇق شەھەرچىسىنىڭ ئىشىكىدىن چىقىپ كەلدى . نادىرە ئالدىدىكى بۇ مەنزىرىگە قاراپ ، جايىدا تۇرۇپ قالدى . گەرچە سەۋەبىنى ئۆزى ئاللىبۇرۇن ئېتىراپ قىلالمىسىمۇ ، لېكىن ھەر ئويلىسا بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى شۇنچە تۇيۇقسىز يۈز بەرگەندەك ئىدى .

ئۆمەر دىلبەرنىڭ مۈرىسىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئالدىدا نەچچە قەدەم نېرىدا تۇرغان ئەكرەملەرنى كۆردى ۋە دىلبەرنى قويىۋېتىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى .

-- ئاشىق - مەشۇقلار بايرىمى ، دىلبەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزمەكچى ، « شەرقىي يېرىم شار » دا . ۋاقتىڭلار يەتسە بارارسىلەر . _ دەپ بولۇپلا كەينىگىمۇ بۇرۇلماي كېتىپ قالدى .

-- ئۆمەرجان ! بالام ئۆمەرجان بۇ ياققا چىقە ، جۈرئەت سېنى ئىزدەپ كەپتۇ .

ئۆمەر يوتقاندىن بېشىنى چىقىرىپلا بىزارلىق بىلەن :

-- ۋاي-ۋۇي ، بۇ ئاداشنىڭمۇ قاق سەھەردە ئۇيقۇنى ھارام قىلىپ ...

-- قاق سەھەر ؟ ئۇۋۇ سائەتكە قاياپ بېقىپ گەپ قىلسىلا . ئاخشام بەك ھېرىپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ ئويغاتمىدىم . ھېلىمۇ كۈن چۈش بولدى ، _ دېدى ئۆمەرنىڭ ئاپىسى نارازىلىقىنى ئىپادىلەپ .

ئۆمەر كارىۋات بېشىدىكى قوڭغۇراق سائەتكە قاراپ ئۆزىمۇ ھەيران قالدى . ئۆمەر ئەزەلدىن بۇنداق ئېغىر ئۇخلاپ كەتمەيتتى ، ئادەتتە سەھەر تۇراتتى . يېقىندىن بۇيان ئۆمەرنىڭ ئاپىسىمۇ ئۇنىڭدىكى روشەن ئۆزگىرىشلەرنى سېزىۋاتاتتى . شۇڭا ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ ئارام ئېلىش پۇرسىتى بېرىش كېرەك دەپ ئۇنى ئويغاتمىغان ئىدى .

-- كىرە ئاداش ، ئولتۇرە .

جۈرئەت كىرىپ كارىۋاتتا ئولتۇرغاندىن كېيىن :

-- ئۇخلاپلا كېتىپسىلىغۇ ئېدىش ؟ كۆكىرىپ قالماڭلا يوتقانىنىڭ ئىچىدە .

-- ئۆزۈممۇ بىلمىدىم ، يېقىندىن بېرى سەل ئۇيقۇم يامان بولۇپ قېلىۋاتىدۇ .
جۇرئەت بىر ئۇھسىنىۋەتكەندىن كېيىن ئۆمەرگە قاراپ :
-- ئۇيقۇڭ يامان ئەمەس ئاداش ، كېچىچە خىيال بىلەن ياخشى ئۇخلىيالمىدىڭ ، شۇنداقمۇ ؟
-- هاھ ... يەنىلا سەن چۈشىنىسەن مېنى .
جۇرئەت تاماكىسىنى قولىغا ئېلىپ بولۇپ يەنە يانچۇقىغا سالدى .
-- تاماكا چەكسەم ئاپاڭ خاپا بولمايدىغاندۇ ؟
-- خاپىغۇ بولۇپ كەتمەس. لېكىن چەكمىگىنىڭ ياخشى ، مەنمۇ ئادەتتە ئۆيدە تاماكا چەكمەيمەن . قانداق ؟ بۈگۈن تۇيۇقسىز بۇنداق ۋاقىتتا ئىزدىگۈڭ كېلىپ قاپتىغۇ ؟
-- مەن ئەمەس ، ئەكرەممۇ بار ، پەستە ساقلاۋاتىدۇ . سېنىڭ هازىرغىچە ياتقىنىڭنى چىم بىلدى ؟ چىرىپلا چاقىرىپ چىقارمەنمىكىن دەپ ئۆزۈم چىققان .
ئۆمەر بېلىنى كۆتۈرۈپ يوتقانىنى كارىۋاتنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە ئىتتىرىۋېتىپ ، مايكىسىنى كىيگەچ :
-- ۋوي مانداق دېمەمسەن ئۇنداق بولسا ، تېخى تاماكىدىن بىرنى چېكىپ ئولتۇرۇشىڭ بارمىتى ئەكرەمنى ساقلىتىپ قويۇپ ؟
جۇرئەت قاھقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى .
-- تېز بوله ئەمسە ، يۈز-كۆزلىرىڭنى ئىتتىك يۇ .
-- سەنچۇ ؟ سەنمۇ قوپامامسەن ؟
-- مەن دېگەنغۇ توقۇغلۇق ئات ، سەن ئورنۇڭدىن تۇرۇپ ماڭمىساڭ دېسەڭلا ماڭىمىز .
ئۆمەر بۇرۇلۇپ ئەستايىدىللىق بىلەن جۇرئەتكە بىر سەپسېلىۋەتكەندىن كېيىن :
-- بۈگۈن زادى نېمە ئىش بار ؟ چۈشلۈك تاماقنىمۇ يېمەي چىققۇدەك ؟
-- ئاداش مەن راست گەپنى دەي . ئەكرەمنىڭ كۆڭلى باركەن ، قۇيماي دەيدۇ . ھەممەيلەن ئەل-ئاغىنە ، مەيدىسىدە تۈكى بار ئوغۇل بالا بولغاندىكىن ، يېقىندىن بېرى ئازراق گېپىمىز يىغىلىپ قالدى ، ئۆزىمىز بىر كىچىككىنە ئولتۇرۇۋالايلى ، دەيدىغان گەپلەر بولسا دەۋالايلى دەپ ...
-- ۋاي دېگۈدەك نېمە گەپ بارتى ئەمدى ، ھېلىمۇ كۈندە ئۇچرىشىۋاتساق ، _ دېدى ئۆمەر خۇشياقمىغاندەك .
جۇرئەت دەرىزىنىڭ پەردىسىنى چوڭ قايرىۋەتكەندىن كېيىن پەستە ساقلاپ قاردا توڭلاپ پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ تۇرۇۋاتقان ئەكرەمگە قاراپ :
-- سېنىڭ مېنىڭ گېپىمىز بولمىغان بىلەن ئەكرەمنىڭ گېپى بار ئىكەن .
ئۆمەر ھەيران بولدى .

دىلبەر بىلەن پەردە بازار ئايلىنىپ كېتىۋاتاتتى . تۇيۇقسىز پەردە ئالدى تەرەپنى كۆرسىتىپ :
-- قارا ئاداش ، ئاۋۇ نادىرە ئەمەسمۇ ؟
ئۇدۇل تەرەپتىن نادىرە خىيال سۈرۈپ قولىدا ئۆيگە لازىملىق نەرسىلەرنى كۆتۈرگەچ كېلىۋاتاتتى . دىلبەر ئىتتىك مېڭىپ نادىرەنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنى توستى .
-- ھە ؟ سىزمىتىڭىز ؟ ئىشىڭىز بارمۇ يا ؟ _ دېدى نادىرە توساتتىن پەيدا بولغان دىلبەرگە ھەيرانلىق بىلەن .
-- ئىشىم يوقتەك تۇرامدىمەن ؟ _ دېدى دىلبەر چىرايىنى ئۆڭدۈرۈپ .
-- ھە سىزنىڭغۇ ئىشىڭىز جىقراق قىز بالىكەنسىز ، ئىشىڭىز بولسا ئىگىسىنى بېرىپ ئىزدەڭ مېنىڭ ئالدىمنى توسماي .
-- ئىشىم جىقمىكەن ؟ جىق بولسىمۇچۇ ، ئۆزۈمنىڭ ئىشىغا ئۆزۈم ئىگە . سىلىنىڭكىدەك خەقنىڭكىگە چات كەرىۋالمايمەن . _ دىلبەر قىزىرىۋاتاتتى .
-- ھە ، بۇ گەپچىزە مەن سىلىنىڭ ئىشلىرىغا چات كىرىۋاپتىمەن دە ؟ خاتىرىلىرىنى جەم قىلىسىلا ، _ دېدى نادىرە بىزار بولغىنىدىن .
-- مەن تولا خاتىرەمنى جەم قىلىپ كەتكەچكە ، تۈلكە جىنلار مۈشۈ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كەتتى !

نادىرە قاقاھلاپ كۈلگىنىچە دىلبەرگە قاراپ :

-- تۈلكە جىن ؟ ھاھ ھاھ ... كىم سىلىنى كالا دېۋە بىلەن يۈز دەپتىكەن . شۇنداق بولىدۇ تازا .

دىلبەر نادىرەنىڭ بۇ ئاچچىق مەسخىرىسىگە چىدىماي :

-- ھۇ پىتلىق ، بۇندىن كېيىن ئۆمەرنى بۇزغۇچى بولما ! _ دەپ ۋارقىرىدى .

ئۈۋۈالچىلىق ھېس قىلغان نادىرەمۇ بوش كەلمەستىن ئۇنىڭ ۋارقىرىدى :

-- بۇزىمەن قانداق ؟ بىگىسىڭ بولسا سەنمۇ قىل ! قانداق ؟ چىرايىڭدىن شەكلىنىپ قالغان ئوخشىمامسەن شېقىقى ؟

دىلبەر پوكاندەك قىزىرىپ :

-- ناھايىتى شۇ كىچىككىنە چىرايىڭ بارغۇ سېنىڭ ؟ چىرايىڭغا ئىشەندىڭما ؟ سەندە بار چىراي كوچىدىكى جاالاپلاردىمۇ بار ! ناھايىتى ئەركەكلەرنى كارىۋاتقا ئەچىقىشقا يارايدۇ خالاس !

نادىرە بۇ قاتتىق ھاقارەتكە چىدىمىسىمۇ يەنىلا سىرتىدا شۇنچە مەزمۇت تۇرۇپ دىلبەر بىلەن ۋارقىراشماقتا ئىدى :

-- ھە ، سەندە شۇنچىلىك بولسىمۇ بارمۇ ؟ ئوغۇل بالىنى كارىۋاتقا ئەچىقۇدەك بولسىمۇ بارمۇ سەندە ؟ چىرايىڭغا خالتا كىيگۈزۈپ ئاندىن چىقار كارىۋاتقا ...

پۈتۈن كوچىدىكى كىشىلەر بۇ مەنزىرىدىن قاتتىق ھەيران قېلىشىۋاتاتتى . شۇنچە پاكىز ، چىرايلىق ئىككى قىز بالىنىڭ بۇنچىلىك ئېغىزغا ئالغۇسىز سېسىق گەپلەر بىلەن يېنىدا ئادەم يوقتەكلا بىر-بىرىگە ۋارقىرىشىۋاتقىنىنى كۆرگەن يولۇچى كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى ئىچىدە « توۋا » دەپ قويۇشۇپ ئۆتۈپ كېتەتتى . بەزىلىرى بولسا نەچچە قەدەم يىراقتا توختاپ تاماشا كۆرگەندەك قاراپ تۇرىشاتتى .

-- بولدى قىلىشىڭلار ئەمدى !! _ قاتتىق ۋارقىرىدى پەرىدە ، ئۇ باياتىندىن بېرى بۇلارنىڭ بېزەپ گەپلەر بىلەن ھاقارەتلىشىۋاتقىنىغا چىداپ تۇرالماي ئاخىرى ئوتتۇرىغا چۈشكەن ئىدى . _ سىلەر مۇشۇنداق تىللىشىش بىلەن بىرەر ئىش ئوڭشىلىدۇ دەپ قارامسىلەر ؟

دىلبەر بىلەن نادىرە بىر ئاز پەسكويغا چۈشكەندىن كېيىن ، پەرىدە نادىرەنىڭ يېنىغا كېلىپ :

-- نادىرە ئاداش ، ئۆيۈڭگە قايتىۋاتامتىڭ ؟ مېڭىۋەر ئەمسە . بۇنداق جېدەللەشسەڭ ئايىغى ھامان چىقمايدۇ ئاداش _ . دەپ بۇرۇلۇپ دىلبەرنىڭ قولتۇقىدىن يۆتىلىدى .

-- ماڭە دىلبەر سەنمۇ ، بىز ئۆيگە قايتايلى .

نادىرە بۇ ئىككىسىنىڭ بارا-بارا يىراقلاپ كېتىۋاتقان سىماسىغا قاراپ ، باياتىندىن بېرى ئاڭلىغان تىل-ئاھانەتلەر ئەمدى تەسىر قىلىۋاتقاندەك ، كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياشلىرى سىرغىپ چۈشۈشكە باشلىدى . ئۇ تۇيۇقسىز پاكىتىدە ئېتىلىپ يىغلاپ كەتتى . جايىدا ئولتۇرۇپ بېشىنى بىلەكلىرى بىلەن يۆگەپ توسۇپ ھۆكرەپ يىغلاۋاتاتتى . قولىدىكى ئۆيگە سېتىۋالغان سەي-كۆكتات ۋە يۇيۇغۇچ دېگەندەك نەرسىلەر يەرگە چېچىلىپ كەتكەن بولۇپ ، يولدىن ئۆتكەن كىشىلەر بۇ قىزغا ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن قاراپ قويۇپ ئۆتۈشۈپ كېتىشەتتى . نادىرە بولسا ئۆپكىسى قاتتىق قادىلىپ ئاغرىپ تۇرسىمۇ ئېسەدەپ يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېمەكتە ئىدى :

-- خەپ ... خەپ ... ئۆمەر ... ئىتنىڭ بالىسى ... خەپ ...

-- ھە ، بۇنداق ئايرىم ئولتۇرمىغىلىمۇ ئۇزۇن بوپتىكەن ، _ دەپ سورۇن باشلىدى جۈرئەت ، _ ئەكرەم قويە ھارىقىڭنى . بۈگۈن ئاشقازان يېرىلغۇچە ئىچىپ قايتىمىز .

-- دېمىسىمۇ شۇ ! قاچانغىچە قىز بالا قىز بالا دەپلا ئۆتىمىز ؟ مۇشۇ قىزبالا دېگەن خەقنىمۇ ئۆزىمىز بەك ئۆگىتىۋەتتۇق لېكىن ، _ دېدى ئۆمەر جۈرئەتنى قوللاپ ، _ مۇشۇ خەق بولمىسا بىر ئىش ئاقمايدىغاندەك .

-- ھە ، مانا ھاراق ، _ ئەكرەم رۇمكىنى لىقلاپ ئۆمەرگە سۇندى ، _ لېكىن قۇرۇق ئىچىشكە بولمايدۇ ، چوقۇم سۆزلەيمىز .

ئۆمەر رۇمكىنى قولىغا ئېلىپ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى . دېمىسىمۇ تالاي ۋاقىتلاردىن بېرى بۇ ئۈچ ئاغىنە بۇنداق ئايرىم ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىپ باقمىغان ئىدى . شۇڭا ھازىر بىر خىل غەيرىي قولاشمىغاندەك سېزىلىپ ، قانداق باشلاشنى بىلەلمەيۋاتاتتى .

-- ۋاي-ۋۇي ، بۇنداق قائىدە-يوسۇننىمۇ بىزدەك ئاغىنىگە ئىشلىتەمدۇ ! قويە بولدى ، سىڭسۇن !
-- ياق ياق ، _ دەپ ئۆمەرنىڭ قولىغا ئېسىلدى جۈرئەت ، _ چوقۇم سۆزلەيسەن ، سۆزلىمىسەڭ بولمايدۇ .
-- شۇنداق ، نېمىدىن تارتىنىسەن ؟ خەتنەڭنى قىلغانمۇ يا ؟
ئۆمەرنىڭ كاللىسىغا بىرگەپ كەلگەندەك بولۇپ ، گەپ باشلىدى :
-- ئۇنداق بولسا مەن بىر يۇمۇر ئېيتىپ بېرەي . بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا ، بىر بالا بولغانىكەن ، خەتنىسىنى قىلىدىغان ۋاقتىتا ، بوۋىسىدىن سوراپتۇ ، « بوۋا ، شۆكەشنى نېمىشكە كېشىدۇ ؟ » . بوۋاي كۈلۈپ كېتىپ ، « كەسمىسە كېيىن خوتۇن ئالغاندا چوكانچاق گەپ ئاڭلمايدۇ » ، دېگۈدەك . بالا بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەي « نېمىشكە » دەپ سوراپتىكەن ، تاقەتسىزلەنگەن بوۋاي بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن « مەسلەن قاراڭ بالام ، سىز چوكانچاقنى ئۇرغاندا ، قولىڭىزنى يېڭىڭىزنىڭ ئىچىگە تىقىۋېلىپ ئۇرسىڭىز بەكرەك ئاغرامدۇ ياكى يېڭىڭىزنى تۈرىۋېتىپ قولىڭىزنى چىقىرىپ مۇشتلىسىڭىز بەكرەك ئۆتەمدۇ ؟ » دېگۈدەك ...
-- پۇۋۇۋۇ ... _ جۈرئەت ئاغزىدىكى مېۋە سۈيىنى پۈتۈن پۈركۈپ چىقىرىۋەتتى ۋە بىر هازا ئۆپكىسىنى قېقىپ يۆتىلىپ كەتكەندىن كېيىن قاهقاهلاپ تىلىقىپ كۈلۈشكە باشلىدى ، _ مۇشۇ جاهاندىكى ئەڭ تېتىقسىز يۇمۇرنى ئۆمەر تاپىدۇ جۇمۇ !
ئەكرەم بولسا تېخىچە ئاڭقىرالمىغان ئىدى :
-- نېمە ؟ قايتا بىر دېگىنە ؟
-- چۈشىنەلمىدىڭما ؟ _ سورىدى ئۆمەر ئەكرەمنىڭ ئىنكاس سۈرئىتىنىڭ ئاستىلىقىدىن ئازراق نارازى بولۇپ .
-- بۇنىڭمۇ قولى يېڭىنىڭ ئىچىدىن تېخى چىقمىغان چېغىۋا !

ئەكرەم ۋىسكىينى رۇمكىغا لىقلاپ قۇيغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئالدىغا قويۇپ :
-- ئۆمەر ئاداش ، ساڭا بىر سوئالىم بار ئىدى ...
ئۆمەر « قۇلىقىم سەندە » دېگەندەك چىراي ئىپادىسى بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى .
-- سەن دىلبەرنى راستىنلا چىن كۆڭلۈڭدىن سۆيەمسەن ؟ نادىرەگە قىلغىنىڭغا پۇشايمان قىلمامسەن ؟
ئۆمەر سەل چۆچۈگەندەك بولۇپ قولىنى سوزۇپ ئالقىنىنى ئەكرەمنىڭ پىشانىسىگە قويدى :
-- قىزىپ قالمىغانسىلە ئېدىش ؟
ئەكرەم ئۆمەرنىڭ قولىنى سىلكىۋېتىپ :
-- مەن چاقچاق قىلمىدىم ، سەن نادىرەنى بەك قىينىۋەتتىڭ ئاداش ، بۇنداق قىينىمساڭ بولاتتى .
-- نېمە ؟ مەن ئۇنى قىينىدىمما ؟ مەن ئۇنى قىيناپ رېلىسنىڭ ئۈستىگە باغلاپ قويىمسام يا ؟ _ دېدى ئۆمەر نارازىلىقىنى ئىپادىلەپ .
-- سەن تولا گەپنى ئېلىپ قاچمىغىن ئاداش ، سەن تېخى تاللاپ بولالمىدىڭ شۇنداقمۇ ؟ _ دېدى ئەكرەم ئىزچىل ئەستايىدىل تەلەپپۇزدا .
ئۆمەرنىڭ چىرايى ئۆڭدى ۋە چاپىنىنى ئېلىپلا ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا تەمشەلدى .
-- ئولتۇرە _ ! دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى جۈرئەت ئۇنىڭ بېغىشىدىن تۇتۇۋېلىپ ، _ سەن هەممە ئىشتىن ئۆزۈڭنى ئېلىپ قېچىپلا يۈرمەكچىمۇ ؟ باشقا ئىشلاردىن قاچساڭمۇ قاچ ، هەتتا بىز ئاغىنىلەردىنمۇ قاچامسەن ؟
ئۆمەر شىرەدىكى تاماكا قېپىنى ئېلىپ بىرتال سۇغۇرۇپ تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن شىرەگە پاققىدە ئېتىپ جايىغا كېلىپ ئولتۇردى .
-- هە ، مانا قاچماي ئولتۇردۇم . سۆزلىيە ئەكرەم ، _ دېدى ئۆمەر ئەكرەمنى قىستىغاندەك ، _هەي بۇ ئۇقالمىغىنىم ، مېنىڭ مۇهەببەت ئىشلىرىم قاچانلاتىن قانداق بولۇپ ئەكرەمجان ئەپەندىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە تەۋە بولۇپ قالغاندۇ ؟
جۈرئەت ئۆمەرنىڭ بۇ سوغۇق تەلەپپۇزىدىن سەل رەنجىگەندەك بولۇپ :
-- بولدى هە ئۆمەر ، ئەكرەمنىڭ گېپىنىمۇ ئاڭلاپ باقايلى . _ دەپ ئەكرەمگە قارىدى .
ئەكرەم ئالدىدىكى بىر رۇمكا هاراقنى بىر يۇتۇپلا ئىچىۋەتكەندىن كېيىن ، يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي بىر هازا ئۇنچىقمىغاندىن كېيىن بوشقىنە ئاۋازدا :

-- مەن نادىرەنى قوغلىماقچى .
بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆمەرلا ئەمەس ، جۇرئەتمۇ خېلىلا ھەيرانلىق ھېس قىلدى .
-- قايمىغانسەن ئاداش ؟ _ سورىدى جۇرئەت ھەيرانلىق ئىچىدە .
ئەكرەم ئاستا بېشىنى كۆتۈرگەندىن كېيىن ، چاناقلىرى قىزارغان كۆزلىرى بىلەن ئۆمەرگە تىكىلىپ :
-- مەن نادىرەنى ياخشى كۆرىمەن .

سورۇننى يەنە بىر مەيدان سۈكۈت قاپلىدى . پەقەت زالدىن يېنىك تارقاۋاتقان چەتئەلنىڭ لىرىك مۇزىكىسىلا ئاڭلىناتتى . ئۆمەر قولىدىكى تاماكىنى كۈچەپ-كۈچەپ ئىككى تارتىپ كۈلدانغا بېسىۋەتكەندىن كېيىن :
-- بوپتىغۇ . قوغلا ، مېنىڭ پىكرىم يوق .

شۇنداق قىلىپ ئۈن-تىنسىز ئىچىشىش باشلاندى ، جۇرئەتلا ئانچە-مۇنچە تېتىقسىز چاقچاقلار بىلەن كەيپىياتنى كۆتۈرمەكچى بولاتتىيۇ ، لېكىن سورۇننىڭ كەيپىياتى يەنىلا بارغانچە ئېغىر سۈكۈتتىكى تېز سۈرئەتتە ئىچىشىشكە مايىل بولۇپ كېتىۋاتاتتى .

شېۋىرغان قار گۈللىرىنى سوغۇق نەشتەرگە ئايلاندۇرۇپ كىشىلەرنىڭ يۈزىگە ئاچچىق زەرب بىلەن سانچىماقتا ئىدى . قىش كېچىسىدىكى سوغۇق ئاي نۇرى گاھ بۇلۇتلار ئارىسىدىن سىرغىپ چىقىپ كۆرۈنەتتىيۇ ، تېزلا يەنە زۇلمەت بۇلۇتلار ئارىسىغا يوشۇرۇناتتى . مۇزلىغان ئاسفالت يوللىرى يەنىلا ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى جۇدۇنى بىلەن كىشىلەرگە زېمىننىڭ ، ھاياتنىڭ سوغىنى تېخىمۇ كۆپرەك تونۇتاتتى . ئۈچ ئاغىنە غىرق مەست بولغان ھالەتتە ، ئۈيانىدىن بۇيانغا سەنتۈرۈلۈپ ، سىيرىلىپ يىقىلىپ دېگەندەك قىرغىل-تاغىل ناخشا توۋلىشىپ مېڭىشاتتى
.

«بىز زەربدارلار ئەترىتى ،
ئورەك كولايمىز.
كەچتە قايتمىغان قىزلارنى ،
قاپاقتا سولايمىز.
بىز زەربدارلار ئەترىتى ،
ئورەك كولايمىز...
...»

ئۇلارنىڭ « زەربدارلار مارشى » تۈگىمەستىنلا ئۆمەر ئاھاڭ ئالماشتۇرۇپ يەنە بىر ناخشىنى توۋلاشقا چۈشتى :
« بۇ قىزلاردا ھېسسىيات قالمىدى ، ئوۋ ...
بۇ قىزلاردا ھېچنېمە قالمىدى ... ئوۋ ...
مەرت يىگىتلەر بولدى سەرسانە زاباي ...
ساقلىنىشقا ئىمكان قالمىدى ... »

-- كەلدى كەلدى ! _ جۇرئەت بىلەن ئەكرەم چاۋاك چېلىشىپ كەتتى . _ مۆمىنجاندىن ئېشىپ كەتتىڭ ئاداش !

- مۆمىنجان دېگەن نېمىتى ئاداش ؟ _ دېدى ئۆمەر مەستلىكتىن قىيىپ كەتكەن ئاۋازدا ، _مۆمىنجاننىڭ ئېمتۈلىرىغا مانا بىزنى چىقىرىپ قويسا بولىدۇ ، ئۆزى چىقۋالماي !
پاراققىدە كۈلكە باشلاندى .

ئۆمەر ناخشىدىن توختاپ يۇقىرى ئاۋازدا ئەڭ گۈزەل ، سەبىي ۋاقىتلىرىغا شاھىد بولغان ئېلىپبە كىتابىتىكى تېكىستلەرنى ھېسسىياتلىق دېكلاماتسىيە قىلىشقا باشلىدى :
-- غۇنچەم مەكتەپتىن ناھايىتى خۇشال ھالدا قايتىپ كەلدى ۋە دادىسىغا « دا.... دا ... مەن ئېلىپبەنى تۈگەتتىم » دېدى ...
ئەكرەم بىلەن جۇرئەتمۇ تەڭلا دېكلاماتسىيەگە قېتىلدى :
-- بارىكاللا قىزىم ، ياخشى ئۆگىنىپسىز ، بۈندىن كېيىن تېخىمۇ تىرىشىپ ئوغۇللارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتىڭ ! مەن سىزگە نۇرغۇن چىرايلىق كىيىملەرنى ئېلىپ بېرىمەن ...

-- ھەي ھەي ، بۇنداق ئەمەس ، _ دېدى ئۆمەر ، _ بىرەر قېتىم بۇزماي ... بۇزماي يادلاپ باقساق قانداق ؟
-- ھاھاھ ... ئۆمەر ... ئۆمەر سەن غۇنچەمنىڭ دادىسىمۇ نېمە ؟ _ دېدى جۇرئەت ئەكرەمنىڭ بويىنىغا ئېسىلغىنىچە، ئىلەش كۆزلىرى بىلەن ئۆمەرگە قاراپ .
-- غۇنچەمنىڭ دادىسى دېگەن ئەكرەم !
ئەكرەم جۇرئەتنى قويىۋېتىپ يولنىڭ قىرىغا چىقتى ۋە قولنى ئېگىز كۆتۈرۈپ :
-- غۇنچەمنىڭ دادىسى دېگەن ... غۇنچەمنىڭ دادىسى مېنىڭ قىناتام ، _دەپ توۋلىدى .
جۇرئەت بىلەن ئۆمەر ئۆزىنى توختىتالماي كۈلىشۋاتاتتى .
-- بولدى ، غۇنچەم ساڭا قالدى ، ئالە غۇنچەمنىڭ شارپىسنى ! _ دەپ بويىنىدىكى شارپىنى ئېلىپ ئەكرەمگە ئاتتى ئۆمەر قاھقاھلاپ كۈلۈپ .
ئەكرەم شارپىنى قولىغا ئېلىپ شۇنداق بويىنىغا ئارتاي دەپ تۇرىشىغا ئۆمەر شارپىنىڭ يەنە بىر ئۇچىنى تۇتىۋېلىپ تارتىشقا باشلىدى ، شۇنداق قىلىپ ئىككىسى شارپىنىڭ ئىككى ئۇچىدىن تۇتىۋېلىپ تارتىشماق ئويىنغىلى تۇردى . مۇزلۇق يەرنىڭ ئۈستىدە ھېلى ئۇيان ھېلى بۇيان سىيرىلىپ شارپىنى كۈچەپ تارتاتتى . نەخ شۇ ۋاقىتتا جۇرئەت شارپىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇۋالماقچى بولۇپ سەكرەپلا كەلگەن ئىدى ، ئۆمەر بىلەن ئەكرەم شارپىنى تەڭلا قويىۋېتىپ بەردى . جۇرئەت كاسىسچىلاپلا تۆمۈردەك قېتىپ كەتكەن ئاسفالىت يولنىڭ ئۈستىگە پالاققىدە يىقىلدى .
-- ۋايجان ، بەك مازىكەنسىلە ئېدىش ، ماۋۇ چاقچىقىڭلا ئېشىپ كەتتى . ۋاي كاسسام ، يىرىلىپ كېتەي دېدى ...
-- يىرىلىپ كەتسە پەردە پۈچۈق تاۋاقنى قادىغاندەك قاداپ قويىدۇ .
ئەكرەم بىلەن ئۆمەر جۇرئەتنىڭ كۈلكىلىك ھالىتىگە قاراپ توختىماي كۈلۈشمەكتە ئىدى .
-- ئۆمەر ، « غۇنچەم » سوۋغا قىلغان شارپىنى بوينۇڭدىن ئايرىمايتتىڭ ، ئەكرەمنىڭ بويىنىغا سېلىپ قويىدۇڭغۇ ئەمدى ؟ _ دېدى جۇرئەت سەت ھىجىيىپ .
ئۆمەر دەلدەڭشىگىنىچە جۇرئەتنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ بويىنىغا ئېسىلدى :
-- بىر قىز بالىغۇ شۇ ؟ بىز دېگەن كىمتۇق ؟ بىر يوتقاندا تەڭ يېتىپ چوڭ بولغان ئاغىنىلەر ... قانداق ؟ بولمىسا دىلبەرنى ساڭا بېرەي قانداق لازىممۇ ؟ جۇرئەت بىزارلىق بىلەن ئۇنىڭ قولىنى بويىنىدىن ئېلىپ سىلكىۋېتىپ :
-- ئاداش كەسىپ ئۆزگەرتمىگەنسەن ؟ ماڭا لازىم ئەمەس ، پەردەنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ بولالماۋاتسام ...
-- پەردەنىڭ گۇمپىسى يامان ئوخشىمامدۇ جۇرئەت ؟ _ دېدى ئەكرەم ئۇلارنىڭ يېنىدىلا كاسىچلاپ ئولتۇرۇپ ، _راست گەپنى قىلە ، گۇمپىسى قانداقراقكەن ؟ جۇرئەت قىزىرىپ ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۇلارغا قاراپ :
-- ۋاي مېڭشەۋە ... سىلەر ... سىلەر مېنى نېمە كۆرۈپ قالدىڭلار ؟ ... بىز ... بىز تېخى ئۇ دەرىجىگە يەتمىدۇق . بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز دېگەن شۇنداق ... شۇنداق پاك !
بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەكرەم بىلەن ئۆمەر تەڭلا « ھۆ » دەپ ئىككى تەرەپكە ئېڭىشىپ قۇسقان ھالەتنى دورىدى .

-- ئۇنداق بولسا ، _ دېدى جۇرئەت ئۆمەرگە قاراپ ، _ نادىرە قانداق ئىكەن ؟ سەن دېسەڭ ئاندىن مەن راست گەپ قىلىمەن .
ئۆمەرمۇ كۆلكىدىن توختاپ ئورنىدىن تۇردى ۋە كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ :
-- مەنمۇ پەقەت ئەمدىلا نادىرەنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ باققان. بىزنىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتىمىزمۇ شۇنداق پاك ...
جۇرئەت بىلەن ئەكرەم ئۆمەرنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ تەڭلا ئىككى تەرەپكە ئېڭىشتى ۋە قىينىلىپ قۇسقان ھالەتنى دوراپ « ھۆ » قىلىشىپ كەتتى .

-- سوئال !
-- جاۋاب ، _ ئۆمەر بىلەن جۇرئەت تەڭلا ئەكرەمگە تىكىلدى .
-- « دورا » نىڭ ئىچىدە ، ھېلىقى خۇا لاۋشۈەن ئوغلىغا نېمە يېگۈزدى، _ دېدى ئەكرەم ئۇ ئىككىسىگە قاراپ سەت ھىجىيىپ .
-- مانتا !!! _ دەپ تەڭلا توۋلىدى ئۆمەر بىلەن جۇرئەت .
-- قانداق مانتا ؟
-- قانغا بويالغان قىپقىزىل مانتا ، _ دېدى ئۆمەر بىلەن جۇرئەت قاھقاھلاپ كۈلۈشۈپ .
جۇرئەت ئۆمەرنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ بىرنى كېكىرىۋەتكەندىن كېيىن :
-- بىز بەك نومۇسسىزكەنمىز جۇمۇ ئۆمەر ، ھاھاھ ...
ئۆمەر بۇرنىنى يېنىك بىر قېقىپ قويۇپ :
-- بىز ئەڭ نومۇسچان كىشىلەر ، جۇرئەت ، دۇنيادىكى ئەڭ نومۇسسىز كىشى يىراق دېسەڭ بەش قەدەم ، يېقىن دېسەڭ بىر قەدەم نېرىدا تۇرىدۇ . _ دېدى ئېڭىكىدە ئەكرەمنى ئىما قىلىپ .
جۇرئەتمۇ ئۆمەرنىڭ پىكرىنى قوللىغانىدەك بېشىنى لىڭشىتتى ۋە يېنىك بىرنى ئىگراپ قويۇپ :
-- ۋاي ماۋۇ كاسسام ھەجەپ ئاغرىدى ، يېرىلىپ كەتمىگەنىدۇ ھە ؟
-- كاسساڭ يېرىلىپ كەتكەن بولسا ئىششىنىڭ ھەجەپ يېرتىلماي ساق تۇرۇپتۇ يا ؟ _ دېدى ئۆمەر ئۇنىڭ كاسسىغا قاراپ .
ئەكرەم ھىجىيىپ :
-- ئۇنىڭ كالتە ئىشتنى مەڭگۈ يېرتىلمايدۇ ، بەك پىششىق ، پەردە تىكىپ بەرگەن ئەمەسمۇ !
ئۆمەر بىلەن ئەكرەم پاراققىدە كۈلكىگە چۈشتى . جۇرئەت باياتىنقى ھاراقنىڭ سېسىقىدىن سەل سەسكەنگەندەك بىرنى كېكىرىۋېتىپ :
-- بازاردا ساتىدىغان نەرسىنى ئاۋارە بولۇپ پەردەگە تىككۈزمەيمىز ، _ دېدى تەكەببۇر ھالدا .
ئۆمەر :
-- بازاردا ساتىدىغىنى ئەرەنچە كۇسارلار ساپلا خەنسۇلارنىڭ بىر نېمىسىگە ئۆلچەپ تىكىلگەچكە ، سېنى كىيسە قىستاپ كەتمىسۇن دەپ كۆيۈنۈپ ئۆزى قول سېلىپ خوتەنىنىڭ ئەتلىسىدىن تىكىپ بەرگەندۇ ؟
بۇ گەپتىن كېيىن ئۈچ ئادەم تەڭلا تەڭلا قورساقنى تۇتۇشۇپ قاتتىق كۈلۈشۈپ كەتتى .
ئەكرەم تېزلا كۈلكىدىن ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ :
-- ھەي ياقەي ، ئۇ خەقنىڭمۇ بەزىلىرىنىڭ خېلى كېلىدىكەن .
جۇرئەت :
-- يېڭىنىڭ ئىچىدىن چىقارغانلىرى شۇنداقتۇ ...
...

جىمجىت كەچتىكى ئاسفالىت يولدا پەقەت مۇشۇ ئۈچ ئاغىنىنىڭ بارا-بارا يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان كۈلكە ئاۋازلىرى ۋە ئاھاڭدىن كەتكەن ناخشا ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى .

« بىز زەرىبدارلار ئەترىتى ،
ئورەك كولايمىز.
گەپكە چىمگەن قىز باللارنى
قاپاققا سولايمىز.
ئالتۇن قاپاق - كۈمۈش قاپاق ،
قايلاپ باقسام كۆزۈڭ چاپاق.
ئالدىمىزغا ئۇچراپ قالما
تەييار تۇرىدۇ مىسران توقماق...
ئاها ...ئاها ... يې يې  ئو يې  ... »

دىلبەر قولىغا تېلېفوننى ئالدى ۋە بىر نومۇرنى كىرگۈزۈپ ئۇلاش كۇنۇپكىسىنى باستى ، قارشى تەرەپتىن مارىيە.كەرىينىڭ « سەنسىز » دېگەن ناخشىسىنىڭ رەڭلىك قوڭغۇرىقى ئاڭلىنىۋاتاتتى . دىلبەرنىڭ يۈرىكى جىددىي سوقۇشقا باشلىدى ۋە تېزلا يەنە قويۇۋېتىش كۇنۇپكىسىنى بېسىۋەتتى .
بىر هازادىن كېيىن دىلبەر شۇ نومۇرغا قايتا ئۇلىدى ، قارشى تەرەپ خۇددى قەستەن بۇ ئۆمەرنىڭ رەڭلىك قوڭغۇرىقىغا ئوخشاش بولغان ناخشىنى دىلبەرگە ئاڭلىتىپ قويۇۋاتقاندەك ، تاكى ناخشىنىڭ مارىيە.كەرىي ئۈچىيى ئۈزۈلۈپ كەتكۈچە توۋلايدىغان كۇلمىناتسىيەسىگە كەلگەندىن كېيىن ئاندىن تېلېفوننى ئالدى .
-- ۋەي ياخشىمۇسىز ؟
-- ۋەي ...
دىلبەر نېمە دېيىشنى بىلەلمەيۋاتاتتى . قارشى تەرەپتىن يەنىلا ئاۋاز كەلمەكتە ئىدى .
-- ۋەي ؟ سىز كىم ؟ كىمنى ئىزدەيسىز ؟
دىلبەر ئاخىرى غەيرەتكە كېلىپ ئۈندىدى :
-- ياخشىمۇسىز ، نادىرەما ؟
قارشى تەرەپ دىلبەرنىڭ ئاۋازىنى تونۇغاندەك بىردەم جىم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن :
-- مەن شۇ ؟ كىم بولىسىز ؟
-- مەن دىلبەر .
-- قانداق ؟ يولدا تىللىشىپ پۇخادىن چىقماي قالغان ئوخشىمامسەن داۋخور پاسكىنا ؟
دىلبەر ئازراق تەمتىرىگەندىن كېيىن :
-- خاتا چۈشەنمەڭ نادىرە ، مېنىڭچە بىز بۇنداق قىلىشىپ كەتمىسەك بولاتتى. مەن بىلەن بىر ئايرىم كۆرۈشەلەمسىز ؟

قارشى تەرەپمۇ دىلبەرنىڭ بۇنداق سۆزلىشىدىن بىخەۋەر بولغاچقا ، ئازراق تەمتىرىگەندىن كېيىنلا يەنە ئاۋۋالقى قەتئىي تەلەپپۇزدا :
-- ياق ! ئىككىيلەننىڭ ئارىسىدا سۆزلەشكۈدەك تېما قالمىدى .
-- ياق ، تېلېفوننى قويىۋەتمەي تۇرۇڭ نادىرە ! _ دېدى دىلبەر جىددىيلىشىپ ، _ سۆزلىشىدىغان تېما قالمىدى ئەمەس ، بىز پەقەت سوغۇققانلىق بىلەن سۆزلەشسەك بولىدىغۇ ؟
-- سوغۇققانلىق ؟ قانداق  مەسىلىدە سوغۇققان بولۇش قانداق مەسىلىدە بولماسلىق ماڭا ئېنىق ئەمەس ، لېكىن ماۋۇ ياۋروپا ئەمەس ، بىزنىڭ شىنجاڭ  .
-- شۇنداق نادىرە ، _ دېدى دىلبەر ئاۋازى تىترەپ ، _ لېكىن بىز راستىنلا بىر كۆرۈشسەك بولاتتى  .
-- بىزدە كۆرۈشۈپ تەڭ ئورۇن تەڭ سالاھىيەتتە تۇرۇپ سۆزلەشكۈدەك ئىززەت - هايا قالمىدى ، _ نادىرەنىڭ تىترىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى ، _ هەم سىز سۆھبەتلەشمەكچى بولغان مەسىلىمۇ ئەمدى مەۋجۇد ئەمەس ، خاتىرجەم بولۇڭ ! تۈلكە جىن ئەمدى كالا دېۋىڭىزنى ئېزىقتۇرمايدۇ ... خوش !

-- ياق نادىرە ! تېلېفوننى قويۇۋەتمەي تۇرۇڭ ، ئۆمەر ... ئۆمەر ئۇ ... چوقۇم سىزنى بەك ياخشى كۆرىدۇ ... _ دىلبەر ئەمدى ئېسەدەۋاتاتتى ، لېكىن قارشى تەرەپ تېلېفوننى ئاللىبۇرۇن قويۇۋەتكەن بولۇپ ، تېلېفوندا پەقەت « دۇت- دۇت » قىلغان ئاۋازلا ئاڭلىناتتى .

-- ياق ئاچا ، مەن بارالمايمەن ، مەن تېخى ئوقۇش پۈتتۈرمىگەن تۇرسام ؟
-- ئوقۇش دېگەن ئەشۇ يەردىمۇ بار ئۇكام ، يەنە كېلىپ سېنىڭ بۇ كەسپىڭمۇ ئۆزۈڭگە تازا ماس كەلمىگەن كەسپ . ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن دادام سېنى قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ياخشى كەسپلەردە ئوقۇتىدۇ .
ئەكرەمنىڭ كۆز جىيەكلىرى قىزارغان ، دادىسىنىڭ بۇ قارارىغا ناھايىتى نارازى بولغان ھالدا ھەدىسى بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدىكى ئۈستەلدە تاشلىنىپ تۇرغان visa غا قاراپ ئاچچىق بىلەن بىرنى كۈلدى .
-- ئۇكام ، ئوغۇلبالا دېگەن جاھان كۆرىدىغان گەپ . يەنە كېلىپ سەن ھامان بىر ئائىلىنىڭ ، جەمەتىمىزنىڭ ئىگىلىكىگە ۋارىسلىق قىلىپ ، ئېغىر يۈك كۆتۈرىدىغان ئادەم ...
-- ۋاي بولدى قىلە ، _ دېدى ئەكرەم بىزارلىق بىلەن ، بىر تال تاماكا چىقىرىپ تۇتاشتۇرغاچ ، _ كىچىكىمدىن كىتاب سومكىسىنىڭ ئېغىرنى كۆتۈرەلمەي ئاران چوڭ بولغاندا ، نېمە ئېغىر يۈك ئۇ .
ھەدىسى ئەكرەمنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ئازراق ئاچچىقى كەلدى ۋە ئۇنىڭ ئاغزىدىكى تاماكىنى شارتلا تارتىۋېلىپ قولىدا مىجىپ ئېزىۋەتكەندىن كېيىن :
-- ماڭا قىلىپ بەرمە بۇ گېپىڭنى ! مەنمۇ مۇشۇ دادامنىڭ گېپىنى ئاڭلايمەن دەپ ، ھەتتا خىزمىتىمدىنمۇ ئىستىپا بېرىۋەتتىم . سەن قالساڭ ئۆزۈڭ قال ! مەن دادامنىڭ گېپىنى يىرالمايمەن .
ئەكرەم يانچۇقىدىن تاماكا قۇتىسىنى ئېلىپ يەنە بىر تال تاماكىنى ئالدى ۋە تۇتاشتۇرۇپ بولۇپ :
-- مەن بۇ يەرگە ، دوستلىرىمغا قىيالمايمەن ، ئاچا ...
-- دوست ؟ _ دېدى ھەدىسى مەسخىرە ئارىلاش دىمىقىنى قېقىپ ، _مەڭگۈلۈك دوست بولسا قانچىلىك يىراق كەتسەڭمۇ يەنە شۇ دوست ، يەپ قاچار دوستلىرىڭ بولسا كۈندە يېنىدا بولساڭمۇ كۆزى باشقىدا ! مېنىڭچە سېنىڭ دوستلىرىڭمۇ كېپىنكى خىلدىكىغۇ دەيمەن .
-- جۆيلىمە . ئاقىل ئادەم نادانىدىن دوست تۇتمايدۇ .
-- ئاقىل ؟ ۋاي-ۋۇي ، ئۆزۈڭگە بەرگەن باھايىڭ تېخى خېلى يۇقىرىكەنغۇ ، _ دېدى ھەدىسى كۈلۈپ كېتىپ ، _ راست گەپنى قىلە ، نادىرەگە قىيالمايۋاتىسەنغۇ شۇ ؟
ئەكرەم چۆچۈگەندەك تۇرۇپ كېتىپ :
-- نېمە ؟ سەن ... سەن قانداق بىلىسەن ؟
ھەدىسى مەنىلىك بىرنى كۈلۈپ قويۇپ ئالقىنىنى كۆتۈردى ، ئەكرەمنىڭ يانفۇنى ھەدىسىنىڭ قولىدا تۇراتتى .
-- ئەكەل ! _ ۋارقىرىدى ئەكرەم چىدىيالماي ، _ سەن ... سەن قانداق ئادەم ئەمدى ؟ باشقىلارنىڭ تېلېفوننى تەكشۈرىدىغان ...
ھەدىسى ئورنىدىن تۇرۇپ قاچتى ۋە ئۈستەلنى بىر چۆرگىلىۋەتكەندىن كېيىن بالكونغا چىقىپ ئىشىكنى ئەينەكنى چىڭ ئېتىۋالدى .
-- ئەكەل دەيمەن ! ئەكەل ...

ھەدىسىنىڭ كۆچى يەتمەي ئاخىرى ئىشكنى قويۇپ بەردى ، ئەكرەم ئۇنىڭ قولىنى كۆچەپ قايرىپ يانفۇنىنى ئېلىۋالدى . ھەدىسى تۇيۇقسىز شىپ-شىپ قىلىپ ئېسەدىگىلى تۇردى .
ئەكرەم ھەيران بولۇپ :
-- ئاغرىپ كەتمىگەندۇ ؟ خاپا بولما جېنىم ئاچا ، قەستەن قىلمىدىم .
ھەدىسى بېشىنى كۆتۈرگەندە كۆزىدىكى ياشلار ئاللىبۇرۇن سىرغىپ چۈشكىلى تۇرغان ئىدى .
-- مەنمۇ بۇ شەھەرگە ، دوستلىرىمغا قىيالمايمەن ئۇكام ، لېكىن ... لېكىن ، دادامنىڭ كېسىلى ... ئۇنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ خېلى بىر يەرگە بارغان ئوخشايدۇ . ئەمدى بارمىساق ... بەلكىم مەڭگۈ ...
ئەكرەم سۆزنىڭ ئايىغىنى ئاڭلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى بولغاي ، ئۈن-تىنسىز كەينىگە بۇرۇلۇپ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى . ھەدىسى بولسا بالكوندا ئولتۇرغىنىچە ئېسەدەۋاتاتتى .

ئەكرەمنىڭ دادىسى ياش ۋاقتلىرىدا شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىدە باشلىق بولۇپ ئىشلىگەن بولۇپ ، كېيىن بىر جىنايى ئىشلار ۋەقەسىگە چېتىلىپ قېلىپ ، نازارەتتىن چىققاندىن بۇ ھەق -ناھەق ئاستىن-ئۈستۈن قىلىنغان دۇنيادىن ئايرىلىپ ، باشقا دۆلەت باشقا قىتئەلەردىن تىنچلىق ئىزدەپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىنلا دۆلەتتىن چىقىپ كەتكەن ئىدى . شۇندىن بېرى ئۇ كىشى بىر قېتىممۇ دۆلەتكە قايتىپ كېلىپ باقمىدى . ئەكرەم بولسا ئۇچاغلاردا ناھايىتى كىچىك بولۇپ ، ئەمدىلا باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن ئىدى .
ئەكرەمنىڭ ئاپىسى يىگانە قالغان يىللاردا تۇرمۇشنىڭ قىيىنچىلىقى ۋە ئۆپكە توبېركۇليوز كېسىلىنىڭ قىستاپ قىينىشى بىلەن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قېلىپ ، زادىلا ساقىيىپ قايتا تۇرالماي تېخى كىچىكلا قالغان بىر قىزى ۋە ئەكرەمگە قارىغىنىچە كۆز يۇمغان ئىدى .
كېيىنكى يىللاردا ، ئەكرەمنىڭ دادىسى زور تىرىشچانلىق بىلەن بارلىق خەتەرلەرنىڭ ھەممىسىگە تەۋەككۇل قىلىپ ، ئاخىرى مىسىردىكى بىر كۆچلۈك سودىگەرگە ئايلاندى . شۇندىن كېيىن ، ئۇ ئەكرەم بىلەن ھەدىسىنى نەچچە قېتىم بىۋاستە چاقىرىق ئېۋەرتىش ۋاستىسى بىلەن مىسىرغا ئېلىپ چىقىپ كۆرۈشتى . ئۇلارغا ئەينى چاغدا بىلدۈرەلمىگەن ئاتىلىق مېھرىنى ئازراق بولسىمۇ بىلدۈردى .
ئەكرەم گەرچە دادىسىغا بەك مېھرى بولمىسىمۇ ، لېكىن ئۆچ كۆرمەيتتى . ئۇنىڭ نەزىرىدە دادىسى بىر ئىقتىدارلىق ، كىچىك پېئىل ، خۇشخۇي ، ھەر مىللەت كىشىلىرى ھۆرمەت قىلىدىغان ئىستىدات ئىگىسى ئىدى . شۇڭا كېيىنچە دادىسى مىسىردا بىر چىرايلىق ئەرەب قىزنى ئۆز ئەمرىگە ئالغان بولسىمۇ ، لېكىن ئەكرەم دادىسىنىڭ تاللىشىنى پۈتۈنلەي قوللىغان ئىدى .
لېكىن ئەكرەم ئىزچىل تۈردە دادىسىنى مەڭگۈلۈك ، ساق-سالامەت بىر كىشى دەپ ئويلايتتى . بۇنداق ھالەتنىڭ يۈز بېرىشىنى قەتئىي خىيالىغا كىرگۈزۈپ باقمىغان ئىدى . دادىسى نەچچە رەت ئۇنىڭ ھازىر ئۆگىنىۋاتقان ئۇسسۇل كەسپىنى ياقتۇرماي ، ئۇنى قاھىرەگە ئەكېلىپ ياخشى كەسپلەردە تەربىيەلەشنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ ، ئەكرەم ئىزچىل رەت قىلىپ كېلىۋاتاتتى .
شۇ تاپتا ، ئەكرەمنى بىرخىل ئازاب چىرمىۋالغان ئىدى . « ھەي ، چوڭ بولمىسام بوپتىكەن ، مەن چوڭ بولمىغان بولسام داداممۇ قېرىمايتتى » دەيتتى ئەكرەم خىيالىدا ئۆز-ئۆزىگە ...

-- زۆەي ، نادىرەما ؟ بۈگۈن دىلبەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىكەن ...
-- بارمايمەن ! _ قارشى تەرەپتىن نادىرەنىڭ تاقەتسىزلىنىپ قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى .
-- ئۇنداق قىلماڭ نادىرە ، نېمىشقا بارمايسىز ؟ _ دېدى ئەكرەم .
-- بارمايمەن دېدىم بارمايمەن ، مەن ئۇمەرگە بەك ئۆچ ، ئۇنى كۆرەر كۆزۈم قالمىدى !
-- ئۆچ ؟ نېمىشقا ئۆچ ؟
-- ئەكرەم ، مېنى زورلىمىغىن ، مەن ئۇ يەردە بەك بۇرۇقتۇرمىلىق ھېس قىلىدىكەنمەن .
-- مېنىڭ سىزگە دەيدىغان مۇھىم گېپىم بار ئىدى ._ دېدى ئەكرەم جىمجىتلىقنى .

نادىرە بىردەم جىم تۇرۇۋەتكەندىن كېيىن :

-- گېپىڭ بولسا ھەجەپ تونۇگۇن دېمىدىڭغۇ ؟ چوقۇم بۈگۈن ، ئاشىق-مەشۇقلار بايرىمىدا دېيىشىڭ كېرەكما ؟ _ نادىرەنىڭ ئاۋازى جىددىيلەشكەندەك سەل تىترەۋاتاتتى .

ئەكرەم ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى ۋە :

-- ئۇنداق ئەمەس نادىرە ، بۇ گەپنى سىزگە دېمىسەم قەتئىي بولمايدۇ ، بۇ ئىشنى تونۇگۇن مەنمۇ بىلمەيتتىم .

نادىرە سەل ھەيران بولغاندەك تۇرۇپ قالدى .

-- تونۇگۇن ئۇقمايتتىم ؟ بۈگۈن تۇرۇپلا ھېس قىلىپ قالدىڭ شۇنداقمۇ ؟ لېكىن ... لېكىن ئەكرەم سەن مۇشۇنى مۇۋاپىق دەپ قارامسەن ؟

-- ھەي ساراڭ ، سىز بۇنى نەلەرگە ئويلاپ كەتتىڭىز ؟ ۋاي ئاللا ...

-- ھە ؟ ئۇنداقتا ... _ نادىرە سەل ئوڭايسىزلانغاندەك ئىدى .

-- زادى چىقامسىز چىقمامسىز ؟ بىر ئېغىز گەپ .

-- ھە ، ئۇنداقتا ئازراق ساقلاڭ ھە ، لېكىن مەن دەپ قوياي ، «شەرقىي يېرىم شار»غا بارمايمەن .

...

جۈرئەت ۋە پەرىدەلەر شەرقىي يېرىم شاردىكى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ قويغان ئايرىم خانىنى شۇنداق ياسىداق بېزەۋەتكەن ئىدى . دىلبەر ئىشكتىن قەدەم ئېلىپ كىرىشىگىلا جۈرئەت ئورۇنلاشتۇرغان شار» مىنا»لار پاڭ-پۇڭ قىلىپ ئېتىلىپ پۈتۈن ئايرىم خانىنىڭ ئىچىنى بىر ئالغان ئىدى .

-- قېنى خانىم ، بۇ ياققا مەرھەمەت ، _ دېدى جۈرئەت ئەنگلىيە كىنولىرىدىكى مۆتىۋەرلەرنى دوراپ ، دىلبەرنىڭ قولىنى زورلاپ تارتىپ بىرنى سۆيۈپ .

-- قېنى ئۆمەر ؟ _ دېدى پەرىدە سائەتكە قارىۋەتكەندىن كېيىن ، _تازىمۇ ۋاقىت قارىشى يوق بىر ئاداش بۇ .

جۈرئەت :

-- خوتۇن ، دىلبەر ئالدىرىمىسا سەن نېمىگە ئالدىراپ كەتتىڭ ؟ ئۆمەر بۈگۈن ئالاھىدە تەييارلىقلار بىلەن كەلمىسە بولمايدۇ ! بۈگۈن دېگەن بوش كۈن ئەمەس ، ھەم ئاشىق-مەشۇقلار كۈنى ، ھەم دىلبەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنى !

پەرىدەمۇ ئۇنى قوللىغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ :

-- توغرا ، دىلبەر سەن نېمىدېگەن ياخشى كۈندە تۇغۇلۇۋالغان -ھە ؟ شۇنداق رومانتىك .

جۈرئەت سەت ھجييىپ :

-- لېكىن ئۆمەرگە جاپا بولىدۇ-دە . ياخشى سەن بۇ كۈندە تۇغۇلۇۋالماپتىكەنسەن پەرىدە .

-- ئۆتەپ بارە پىت ئۆچەي ! _ دېدى پەرىدە بىزارلىقتىن جۈرئەتنىڭ قۇلقىنى قاتتىق بىر تولغاپ .

جۈرئەت ئاغرىققا چىدىماي :

-- ۋاي دىلبەر مېنى قۇتقۇز ! تېز ، _ دەپ ۋارقىراپ كەتتى ۋە تېزلا پەرىدەگە قاراپ ھجييىپ ، سافانىڭ كەينىگە تىقىپ قويغان بىر دەستە گۈلنى ئاۋايلاپ ئېلىپ _ قويۇپ بەر ئامرىقىم ، مانا ، مانا ئەتىرگۈل كەلدى !

پەرىدە گۈلنى جۈرئەتنىڭ قولىدىن ئېلىپ خۇشاللىقىدىن تېزلا كۈلۈپ كەتتى ۋە جۈرئەتنىڭ يۈزىگە بىرنى سۆيۈپ قويدى .

دەل شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ ئۆمەر كىرىپ كەلدى ، ئۆمەر بۈگۈن راستتىنلا بەكلا ئالاھىدە تەييارلىق قىلغان بولۇپ ، بۇنداق ئەستايىدىللىق ئۇنىڭدا ئادەتتە بەك ئاز كۆرۈلەتتى . ئۇ تۇن قارا چاپانىنىڭ ئىچىگە ئاپئاق مايكا كىيگەن بولۇپ ، بوينىدىكى دىلبەر يېگىدىن سوۋغا قىلغان ئاپئاق شارپا بىلەن قوشۇلۇپ ، ئەسلىدىنلا كېلىشكەن چىرايى تېخىمۇ جەلبكار بولۇپ كەتكەن ئىدى .

-- پاھ -پاھ ! مانا دېمىدىممۇ ، _ دېدى جۈرئەت ئۇستەلدىكى سېفىرلىق ئاپپاراتنى ئېلىپ «چاس» قىلىپ بىر پارچە سۈرەت تارتىۋالغاچ ، _ ئۆمەرنىڭ مۇشۇنداق ياسىنىۋېلىشىدىن بەك قورقىمەن ، مانا بۈگۈن بىزنى رەسمىي چاندۇرىدۇ !

شۇ ئەسنادا ئۆمەر پەردەنىڭ قولىدىكى قىپقىزىل ئەترگۈلنى كۆرۈپ تۇيۇقسىز بىر نېمىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك كەينىگە بۇرۇلدى ۋە ئۇچقاندەك چىقىپ كېتىپ قالدى .

-- ۋاي نېمە بولغاندۇ بۇ ساراڭغا ؟ _ دېدى پەردە ھەيرانلىق بىلەن .

دىلبەر مېۋە سۈيىدىن بىر ئوتلىۋېتىپ قولىدىكى ئەينەككە قاراپ ئالدىغا چۈشۈۋالغان چېچىنى ئوڭشىغاچ :

-- ئۇنىڭ بىر نېمە ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلمىدىڭمۇ ئاداش ؟

ئۆمەر ئالدىراشچىلىقتا ھەممە تەييارلىقنى پۇتتۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ ، لېكىن گۈل سېتىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالغان ئىدى . شۇڭا خىجىل بولۇپ يۈگۈرگىنىچە كوچىغا چىقىپ گۈلچى قىزچاقلارنى ئىزدەپ يۈرۈپ كەتتى .

-- بۇ گەپلىرىڭ راستمۇ ئەكرەم ؟

-- شۇنداق ، بەك تۇيۇقسىز بولۇپ قالدى ، مەنمۇ بۈگۈن ئەتىگەن خەۋەر تاپتىم .

-- ئۇنداقتا ... _ ئەكرەمنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى نادىرە ، _ ئۇنداقتا سەن راستىنلا چىقىپ كەتمەكچىما ؟

ئەكرەم بىر ئۇلۇغ كىچىك تىنىۋېتىپ :

-- ئامالسىزمەن ، بەلكىم ... بەلكىم بالىلىق قەرزىمنى ئادا قىلىدىغان ۋاقىت كېلىپ قالغاندۇ ...

نادىرە ئازاب بىلەن ئەكرەمنى يېنىك قۇچاقلىدى ۋە ئۇنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويۇپ تۇرۇپ :

-- ساڭا رەھمەت ئەكرەم ، سەن دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى ئوغۇل بالا ، سەن مېنىڭ ئەڭ ياخشى دوستۇم .

ئەكرەم گەرچە نۇرغۇن قېتىملاپ نادىرەنى مۇشۇنداق قۇچاقلاپ تۇرۇشنى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ، ئايرىلىش ئالدىدا يۈز بېرىشىنى ئويلىمىغان ئىدى . شۇ تاپتا يۈرىكىنى بىر پىچاق تىلغاۋاتقاندەك ئاغرىپ ، بىر قولىنى ئاستا كۆتۈرۈپ كۆزىنىڭ جىيەكىدىن بىلىنە-بىلىنمەس نەملىشىپ قالغان يېشىنى سۈرتىۋېتىپ :

-- سىزنى مەڭگۈ ئۇنۇتمايمەن ، بەلكىم ... بەلكىم بىر نەچچە يىلدا قايتىپ كېلەرمەن . لېكىن ، مەن بېرىپلا سىزگە تېلېفون قىلىمەن .

نادىرە ئەكرەمنى قويۇپ بېرىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىغىنىدا كۆزىدە ئاللىبۇرۇن لىقمۇلىق ياش تۇراتتى .

-- چوقۇم شۇنداق قىل جۇمۇ ! ئى-مەيل ياز پەقەت بولمىسا ...

-- پاھ-پاھ ، بۈگۈن 14-فېۋرال ، ياخشى كۈن . ئاشىق -مەشۇقلار يوشۇرۇن پائالىيەتتىن ئاشكارا ئىنقىلابقا ئۆتىدىغان ھالقىلىق نۇقتا .

ئەكرەم بىلەن نادىرە تۇيۇقسىز ئاڭلانغان بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ يان تەرەپكە قارىدى .

ئۆمەر قولىدا بىر دەستە قىپقىزىل ئەترگۈلنى كۆتۈرگىنىچە يول ئۈستىدىكى كۆۋرۈكتىن چۈشۈپ ئۇلارنىڭ يېنىغا قاراپ كېلىۋاتاتتى .

-- قانداق ؟ «شەرقىي يېرىم شار»غا بېرىپ بولغۇچە چىدىيالماي قالغان ئوخشىمامسىلەر ؟ _ دېدى ئۆمەر نادىرەگە قاراپ سەت ھىجىيىپ ، _ مېنىڭلار مەن ئالغاچ كېتەي ، ئۇ يەردە بىز رومانتىك تۇس ھازىرلاپ بېرىمىز !

«پاس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۆمەرنىڭ يۈزىگە قاتتىق بىر تەستەك تەگدى ، نادىرە غەزەبلىك كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قادىلىپ تۇراتتى . ئۆمەر نادىرەنىڭ بۇنداق قىلارىنى قەتئىي ئويلاپ باقمىغاچقا بۇ تەستەكنى راۋۇرۇس يېدى ، شۇئانلا بۇرنىنىڭ ئوڭ تەرەپ تۆشۈكىدىن ئوقتەك قان ئېقىشقا باشلىدى . نادىرەنىڭ قولىدىكى ئۈزۈكمۇ بەك قاتتىق ئۇرۇۋەتكەچكە چاچراپ چىقىپ كېتىپ ھاۋادا يالت-يۇلت قىلىپ نۇر چاچقاندىن كېيىن ، ناھايىتى سۈزۈك بىر ئاۋاز بىلەن يەرگە تېگىپ ، ئاندىن چىملىقنىڭ ئارىسىدىكى نەلەرگىدۇر غايىب بولدى .

-- يۈرە ئەكرەم ، _دېدى نادىرە ئەكرەمنىڭ قولىدىن تارتىپ .

ئۆمەر بېشىنى سىڭايان قىلىپ يەرنىڭ تېگىدىن ئۇ ئىككىسىنىڭ يىراقلاپ كېتىۋاتقان سىماسىغا قاراپ داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى ، كاللىسىدا ھېچنېمە يوق ئىدى . بۇرنىدىن ئاققان قان توختىماستىن ، بويىنىدىكى ئاپئاق شارپىنى ئوتقاشتەك قىزىل رەڭگە بوياۋاتقان ئىدى .

خېلى بىر ھازادىن كېيىن ئۆمەر كەينىگە بۇرۇلدى ۋە ئۇزۇكنىڭ يەرگە تەگكەن ئاۋازى چىققان تەرەپلەرنى مۆلچەرى بىلەن ئىزدەشكە باشلىدى . پىيادىلەر يولى بويىدىكى چىملىقنىڭ يېنىغىلا بىر ئاۋدى ماشىنا توختىتىلغان بولۇپ ، ماشىنىنىڭ تېگىدە بىر نەرسە پارقىرىغاندەك قىلاتتى . ئۆمەر ھېچنېمىگە قارىماستىن ، ئېسىل كىيىملىرى بىلەنلا يەردە ئۆمىلەپ ماشىنىنىڭ تېگىگە قول ئۇزاتتى ، قولى يەتمەيۋاتاتتى . ئۆمەر يەرگە چاپلىشىپ تۇرۇپ دېگەندەك ئۇ نەرسىگە قولىنى ئاران يەتكۈزۈپ قولىغا ئالدى ، بۇ پارقىرىغىنى ئۇزۇك بولماستىن ئەسلىدە بىر تال ئەسكى بۇرما مىخ ئىدى .

ئۆمەر ئۈمىدسىزلەنگىنىچە ماشىنىنىڭ تېگىدىن چىقىش ئۈچۈن بېشىنى كۆتۈرىشىگە ئارقا مېڭىسى ماشىنا گەۋدىسىنىڭ يان تەرەپ گىۋىنىگە قاتتىق ئۇرۇلدى . ئۆمەر ئاچچىقىدا ئورنىدىن تەسلىكتە ئۆمىلەپ تۇرۇپ ، ماشىنىنىڭ كەينى ئىشكىگە قاتتىق بىرنى تېپىۋېدى ، ئالدى دەرىزىدىن بىر خەنزۇ ئەرنىڭ بېشى چىقىپ ئۇنى تىللاپ كەتتى .

-- ھۇ ئاناڭنى ! نېمە قىلىۋاتىسەن ؟

ئۆمەر ۋەھشىيلەرچە بۇ خەنزۇنىڭ بوينىدىنلا ئالدى ۋە ئۇنى ماشىنا دەرىزىسىدىن سىرتقا كۆچەپ سۆرىدى . بۇ نەرسىمۇ يامان سېمىز بولۇپ ، ماشىنىنىڭ دەرىزىگە قاپلىشىپ تىنىق ئالالماي يالۋۇرۇشقا باشلىدى :

-- ئاكا ، ئاكا ، ئۆتۈنۈپ قالاي ، گەپ بولسا چىرايلىق قىلىشايلى ، مېنى قويىۋەت .

ئۆمەر بىر سىلكىپلا ئۇنى قويىۋېتىپ ، ئۈن-تىنسىز كەلگەن يولىدىن قايتىپ يۈرۈپ كەتتى . پۈتۈن ئۈستىۋېشى قان بىلەن توپىغا مىلەنگەن ، قولىدىكى بىر دەستە گۈلنىڭمۇ پورەكلىرى تۆكۈلگەن ئىدى .

« شەرقىي يېڭى شار » نىڭ ئايرىم خانىسىدا ، دىلبەر قاتارلىقلار ئۆمەرنى ساقلاپ سورۇننى تېخى باشلىماستىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى .

-- ئۆمەر نېمانداق كەلمەيدىغاندۇ ؟ _ دېدى پەرىدە بىزارلىقتىن ، _گۈل ئىزدەپ گۇل بولۇپ كەتمىگەندۇ-ھە ؟

-- نېمىگە ئالدىرايسەن ، ھازىرلا كېلىدۇ . _ دېدى جۈرئەت قولىدىكى ئاپپاراتنى تەڭشىگەچ ،_تاڭ ھامان ئاتىدۇ، بىزنىڭ يورۇق قۇياشىمىز ھامان چىقىدۇ !

« داھىي ماۋزېدۇڭ قىلغاندا جاكار ،
جۇڭخۇا ئېلىگە ياغدى شەرەپ-شان .
جۇڭخۇا ئېلىگە ... »

پەرىدە جۈرئەتنىڭ ئاغزىنى توسىۋېلىپ ئۇنى جىم قىلدى .

دىلبەرنىڭ چىرايىدىن بىرخىل خىيالچانلىق چىقىپ تۇراتتى .

--سىلەرچە ئۆمەر قانداق ئادەم ؟

پەرىدە :

-- ئۇ بىر رېزىنكە ، ئادەم ئەمەس . سوزساڭ ئۇزۇلمەيدۇ ، پىچاق تېخى كېسەلمەيدۇ . راۋۇرۇس رېزىنكە .

دىلبەر گويا بىر نېمىلەرنى ئويلىغاندەك :

-- ياق پەرىدە ، ئۇنداق ئەمەس . ئۆمەر بىر ياخشى بالا ، ئۇ بىر ھەقىقىي ئەركەك .

جۈرئەت بىلەن پەرىدە ھەيرانلىق بىلەن بىر-بىرىگە بىر قارىشىۋەتكەندىن كېيىن ، دىلبەرنىڭ ئاغزىغا قاراشتى .

-- گەرچە ئۆمەر ئادەتتە ھېچكىمگە سىر بەرمىسىمۇ ، لېكىن ئۇ ھەممە ئىشتا ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرگەن دوستلىرى ئۈچۈن ئويلىشىدۇ ، ئۆزى ئۈچۈن ئويلاشمايدۇ . _ دىلبەر داۋام قىلىۋاتاتتى ، _ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ،

مەكتەپتىن يازلىق سەيلىگە ئېلىپ چىققاندا ، ئۇ مېنىڭ شلەپەمنى ئۆستەڭدىن سۈزۈپ ئېلىپ بېرىمەن دەپ ، ئۆزى ئېقىپ كېتىپ تاس قالغان تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ قالغىلى ...

-- ئۇ دېگەن سېنى كەلتۈرىۋېلىش ئۈچۈن ئويىنغان ھىيلىسى ، _ دېدى جۈرئەت ھجيىپ ، _ ئۆمەر ئۈنچىلىكنى قىلىدۇ .

پەرىدە جۈرئەتكە قاراپ قاپىقنى تۈرۈپ :

-- ھەي ساراڭ ئۇ چاغدا كىچىككىنە تۇرساق نەدىكى كەلتۈرىۋېلىش نەدىكى ھىيلە دەيسەن ؟

-- سلەر بىلمەيسلەر ، ئۆمەر دېگەن تۇغما ئاشۇنداق ، ئۇنىڭ قىزلارغا بولغان چۈشەنچىسى مەندىن ئاز دېگەندە ئون يىل بالدۇر !

-- ئۆتەپ بارە !

-- تولۇقسىزدا ئوقۇۋاتقاندا ، مېنى ئىشتىرىۋەتكەن بىر بالىدىن ئۆچ ئېلىپ بېرىمەن دەپ ، ئۇ بالىنى قاتتىق ئۇرۇۋەتكەن ، _ دېدى دىلبەر تاتلىق ئەسلىمىلەرنى داۋاملىق ئەسلەپ ، _ شۇ چاغدا مەكتەپتىن ئۇنىڭغا قوغلاش چارىسىنى كۆرىمىز دەپ ، ئاخىرى ئۆمەرنىڭ ئاپىسى مەكتەپكە ئۆزى كېلىپ بۇ ئىشنى بىرتەرەپ قىلغان .

جۈرئەت دىلبەرگە بىر ئىستاكان مېۋە سۈيىنى سۇنغاچ :

-- بولدى قىلە ، بۇنداق سۆزلەۋەرسەڭ قانداق تۈگەيدۇ ؟ خۇددى « يولداش لىي فېڭنى ئەسلەيمىز » نامدا يىغىن ئاچقاندەك ، ھەممە ئىش-ئىزلىرىنى سۆزلەپ كەلسەك ئاغزىمىز كاردىن چىقىپ كېتىدۇ .

-- شۇنداق ، _ دەپ ئاۋاز قوشتى پەرىدە .

-- ئۇنداقتا ، نادىرە قانداق قىز ؟

بۇ سوئالدىن جۈرئەت بىلەن پەرىدە ئىككىسىلا ئۆزىنى قاچۇردى بولغاي ، تەڭلا قولىغا ئىستاكانىنى ئېلىپ ئىچىملىك ئىچىپ باشقا يەرلەرگە قاراپ تۇرىۋېلىشتى .

-- پەرىدە ئاداش ، سەندىن سوراۋاتىمەن ؟

پەرىدە سەل ئوڭايسىزلانغاندەك :

-- نادىرە قانداق قىز ؟ مەنمۇ ... مەنمۇ تازا ئېنىق بىلىپ كەتمەيمەن ئاداش .

-- يالغان !

-- راست دەۋاتىمەن ، _ دېدى پەرىدە ئۆزىنى ئاقلاپ ، _ نادىرە قانداق قىز ئىكەنلىكىنى ... ئۆمەر ... ئۆمەرلا ئېنىق بىلىدىغۇ دەيمەن .

پەرىدە بۇنداق دەپ بولۇپ ئۆزىنىڭ تازا توغرا سۆزلىمىگىنىنى بىلىپ ئوڭايسىزلانغانچە زورىغا بىرنى كۈلۈپ جۈرئەتكە قارىدى ، جۈرئەت ئۇنىڭغا ھومىيىپ قاراپ تۇراتتى .

دەل شۇ چاغدا جۈرئەتنىڭ يانفۇنى جىرىڭلاپ كەتتى ، جۈرئەت تېلېفوننى ئېلىپ ئايرىم خانىدىن چىقتى ۋە جىددىيلەشكىنىچە ئاللىنېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ كەتتى . ئۇ تېلېفوننى قويۇپ ئارقىغا بۇرۇلۇشىغا ئۈستى-بېشى توپا ۋە قانغا مىلەنگەن ھالدا كىرىپ كېلىۋاتقان ئۆمەرنى كۆردى . گەرچە ئۆمەرنىڭ بۇ ھالىتىدىن قاتتىق ھەيران بولغان بولسىمۇ ، لېكىن سەۋەبىنى سوراشقا ئۈلگۈرمەيلا جىددىيلەشكىنىچە ئۇنىڭغا ئېسىلدى .

-- چاتاق چىقتى ئۆمەر ، چاتاق !

-- نېمە ؟ _ ئۆمەرنىڭ كۆزلىرىدە ھېچقانداق ئىپادە يوق ئىدى ، خۇددى بىر ياغاچ ئادەمدەك .

-- ئەكرەم ئەتە قاق سەھەردە ئايروپىلان بىلەن ... ماڭىدىكەن .

ئۆمەر ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەندەك :

-- ئەكرەم ... ئۇ نېمە قىلىدىكەن ؟ ... ئۇ نەگە ماڭىدىكەن ؟

بۇ چاغدا ئۇ گويا پۈتۈن ئەس-يادى باشقا يەردە قالغان ئادەمدەك زېھنىنى يىغالمايۋاتاتتى .

-- ئاداش ، ماڭا قارىغىن ، _ دېدى جۈرئەت ئۇنىڭ بىلەكلىرىدىن سىقىمداپ ، _ ئەكرەمنىڭ دادىسى ، كېسىلى ئېغىرلاپ قالغان ئوخشايدۇ ، ئۇ ئوقۇشتىن توختاپ ، مىسىرغا چىقىپ كېتىدىكەن .

ئۆمەر يەنىلا ھېچقانداق ئىپادىسىز ئىدى ، خۇددى ھېچقانداق گەپ ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرمىگەندەك . باياتتىندىن بېرىقى ئۆزگىرىشلەرنى بايقىغان پەرىدە بىلەن دىلبەر ئاللىبۇرۇن جۇرئەتنىڭ كەينىدە ئۆمەرگە تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى . ئۈچ ئادەمنىڭ تەڭلا تىكىلىپ قارىشىمۇ ئۆمەرگە ھېچقانداق تەسىر قىلمىغاندەك ، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاستاغىنە :

-- ھە ، ئەكرەم ماڭىدىكەن- دە _ . دېدى ۋە خانە ئىچىگە قاراپ ماڭدى .

كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى بايىلا شۇنداق سالاپەتلىك ، ساپساق چىقىپ كەتكەن ئۆمەرنىڭ تۇيۇقسىز بۇنداق بولۇپ قالغانلىقىدىن قاتتىق ھەيرانلىقتا ئىدى .

ئۆمەر خانىنىڭ ئوتتۇرىغا كېلىپ توختىدى ۋە شۇئان كەينىگە بۇرۇلۇپ ئوقتەك ئېتىلغىنىچە كارىدوردىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى .

كۆپچىلىك ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي بىر-بىرىگە قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى .

نادىرە باياتىن ئۆمەرنى بىر تەستەك سالغان جايغا قايتىپ كەلدى ، ئۇنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە ئۆزۈكىنىڭ يەرگە ئۇرۇلغان ئاۋازى ئەشۇ چىملىق تەرەپتە يوقىغان ئىدى . ئەكرەم ئۇنىڭ ئارقىدا ساقلاپ تۇراتتى . نادىرەنىڭ كۆزلىرىدىمۇ ھېچقانداق ئىپادە بىلىنمەيتتى ، خۇددى ئۆمەرنىڭ باياتتىنقى ھالىتىدەك .

-- نادىرە ، سىز ... سىز نېمىشقا ئۆزىڭىزنى بۇنچە قىينايسىز ؟ _ دېدى ئەكرەم نادىرەنىڭ يېنىغا كېلىپ ، چىملىقنىڭ ئىچىگە سىنچىلاپ قارىغاچ .

نادىرەدىن ئۈنچىقمايتتى .

-- سىز ئۆمەرنى ھەقىقەتەن بەكلا ياخشى كۆرىدىكەنسىز . مەن دىلبەر كەلگەندىن بۇيان بۇنى تېخىمۇ ھېس قىلىپ يەتتىم .

نادىرە ئاستا بېشىنى كۆتۈردى ، لېكىن ھېچقانداق گەپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىگەندەك ، ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمايۋاتقاندەك ، چۈشەنگۈسىز بىر ئىپادىدە ئەكرەمگە قاراپ قويدى ۋە داۋاملىق ئىزدەشكە كىرىشتى .

-- مۇشۇ شۇمۇ ؟ _ دېدى ئەكرەم قولىغا ئىلىناشقان بىر نەرسىنى سەزگەندەك بولۇپ ، ئۇنىڭ قولىدا بىر تال ئاددىيلا نۇسخىدىكى ئاق ئالتۇن ئۆزۈك تۇراتتى .

نادىرە خۇددى بالىسىنى يولۋاس ئېلىپ قاچقان چىشى شىر يولۋاسقا خىرىس قىلغاندەك ، ئەكرەمگە ھۆرپىيىپ تىكىلگىنىچە ئۆزۈكنى ئۇنىڭ قولىدىن كۆچەپ تارتتى . قولىغا ئېلىپ ئۇيان- بۇيان ئۆرۈپ تەپسىلىي بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ، خۇددى قايتىدىن روھ كىرگەندەك ، باياتتىندىن بېرى يىغىلىپ قالغان ھېسسىياتلىرىنىڭ ھەممىسى بىراقلا يوپۇرۇلۇپ چىقىپ ، بىردە قاھقاھلاپ كۈلۈپ ، بىردە يىغلامسىراپ ئولتۇرۇپ قالدى .

-- ئەكرەم ! جېنىم ئادىشىم !

ئۆمەر تاكسىدىن چۈشۈپلا ئەكرەمگە ئۆزىنى ئاتتى . بۇ ئىككى قەدىناس بۇرادەر خۇددى نەچچە يىلدىن كېيىن قايتا كۆرۈشكەن كىشىلەردەك ، ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا قۇچاقلىشىپ پىيادىلەر يولىنىڭ ئوتتۇرىدا تۇراتتى .

-- ئاداش ، ماڭا نېمىشقا بالدۇرراق ئېيتمايسەن ؟ _ دېدى ئۆمەر ئەكرەمدىن ئاغرىنغاندەك .

-- بايا سەن ماڭا سۆزلەشكە پۇرسەتمۇ بەرمىسەڭ . _ ئەكرەم كۈلۈپ كەتتى .

-- مېنى كەچۈر ئاغىينەم ، مەندىن كەتتى .

-- ياقەي ، نەدىكى گەپنى قىلىدىغانسەن . _ دېدى ئەكرەم ۋە ئۆمەرنىڭ قۇلىقىغا ئاغزىنى يېقىن ئەكېلىپ بىر نېمىلەرنى دېدى .

شۇئان ئۆمەر كەينىگە بۇرۇلۇپ نادىرەگە قارىغىنىچە ، ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلگىنىچە قاراپ قالدى . ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا نادىرەگە قارايتتى . ئۇنىڭ كۆزىدىكى مەنىلەر گاھ مېھىر بىلەن شۇنچە ئوتلۇق ، گاھ ئۈمىدسىزلىك بىلەن شۇنچە جانسىز ، گاھ خىجىللىق بىلەن شۇنچە تىت-تىت ئىپادىلىنەتتى . نادىرەمۇ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى .

تىمتاسلىقتىن باشقا ھېچنېمە يوق بەرمەيتتى . بۇ خىل تىمتاسلىق خېلى ئۇزۇن داۋاملاشقاندىن كېيىن ئۆمەر ئالدىغا بىر نەچچە قەدەم ماڭدى ۋە نادىرەنى كۈچەپ باغرىغا باستى .

لېكىن نادىرەدىن ھېچقانداق ئىپادە كەلمەيتتى ، يا قارشىلىق يا قىزغىنلىق ، ھېچنېمە يوق ئىدى . ئۇنىڭ كاللىسىدىكى ھەممە ئۇچۇر خۇددى يۇيۇپ تاشلانغاندەك ، ئۆمەرنىڭ كۈچلۈك قوللىرى ئۇنى قانچە مەھكەم قۇچاقلىسىمۇ ، ھېچقانداق سەزگۈسىز جايىدا قاتقىنىچە تۇراتتى .

ئۆمەر ئۇنى قويۇپ بەردى ۋە ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە باقتى .

-- نادىرە ؟ نادىرە ؟ سەن ...

نادىرە ئالقىنىنى ئاچتى ، ئۇنىڭ ئالقىنىدا ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنىڭ سىمۋولى بولغان ئۈزۈك قىشتىكى سوغۇق قۇياش نۇرىدا قار گۈلىدەك چاقناۋاتاتتى . ئۇ ئۈن-تىنسىز ئۈزۈكنى ئۆمەرگە تەڭلىدى . ئۆمەر ئۇنىڭ قولىدىن ئاستاغىنە ئۈزۈكنى ئالدى ۋە بېشىنى تۆۋەن سالدى . بۇرنىنىڭ ئىچى نېمىلەردىندۇر ئاچچىق بولۇۋاتاتتى .

نادىرە يەنە ئۈن-تىنسىز كەينىگە بۇرۇلدى ۋە ماشىنىدىن بىرنى توسۇپ كېتىپ قالدى .

« شەرقىي يېرىم شار»دا ئاشىق-مەشۇقلار بايرىمىغا يات بولغان غېرىبلىق ، تىمتاسلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى . باشقا ئايرىم خانىلەرنىڭ ئىچىدىن تارقىغان ۋارقىراش-چىرقىراشلار ، قاتتىق كۈلكە ئاۋازلىرى بۇ ئۈچ كىشىنىڭ قۇلىقىغا كىرمىگەندەك ، جۇرئەت تاماكىنى ئۇلاپ-ئۇلاپ چېكىپ رومكىنى لىقلاپ-لىقلاپ ئىچىش بىلەن ، پەرىدە دىلبەرگە تەسەللىي بېرىش بىلەن ، دىلبەر بولسا ئۆزىمۇ بىلمەيدىغان لېكىن قەلبىنى چىرمىۋالغان ناتونۇش ئازابتا ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاش بىلەن ، مىنۇت-مىنۇتلار سائەت-سائەتلەرگە ئايلىنىپ يېرىم كېچە بولغان ئىدى .

-- مانا ، سائەت نۆل بوپتۇ ، ئاشىق-مەشۇقلار بايرىمىمۇ تۈگىدى ، _ دېدى پەرىدە سولۇشۇپ ئۇھ تارتىپ .

-- تۇغۇلغان كۈنىمۇ تۈگىدى ، _ دېدى دىلبەر يۈزىدە قاتقان ياش ئىزلىرىنى تاتىلاپ ، _ جۇرئەت ، ماڭىمۇ قۇيە .

جۇرئەت بېشىنى تەستە كۆتۈرۈپ ئۇيقۇسىرىغان كۆزلىرىنى دىلبەرگە تىكىپ :

-- سەنمۇ ھاراق ئىچەمسەن ؟ ماقۇل ، مانا ئالە .

جۇرئەت ئۇنىڭغا بىراندىنى لىقلاپ قۇيۇپ بەردى . دىلبەر تىترىگەن قوللىرىدا رومكىنى قولىغا ئالدى-دە ، بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتكەندىن كېيىن ، كۆيدۈرۈپ ئۆتكەن ھاراقنىڭ ئاچچىقىدىن ئېقىپ چۈشكەن بىر تامچە يېشىنى سۈرتىۋېتىپ :

-- يەنە قۇي ، قۇيە . بىز سوقۇشتۇرۇپ ئىچمىز .

...

شۇنداق قىلىپ بۇ ئۈچ كىشى گويا ئېغىر ئازابلارغا دۇچ كەلگەن سەرسانە ئەدىبلەردەك ، ئۆزىنىڭ ئېسىدە قالغان ھەربىر مىسرا شېئىر ، ھەربىر ئابزاس تېكىستلەرنى يادلاپ بولغاندىن كېيىن لىقلانغان رومكىنى بىر كۆتۈرۈپلا ئاچچىق ھاراقنى يۇتىۋېتىپ يەنە رومكىنى لىقلايتتى .

« كۈندە بولماس كۈندە بولۇر ھەر كىشىنىڭ كۈلكىسى ،
ئازابلاردىن گاھ كېلەركەن يەرشارىدىن يۈتكىسى .
خوشە ! »

جۇرئەت چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ تۇرۇپ ھاراقنى كۆتۈرىۋەتكەندىن كېيىن ، دىلبەر رومكىسىنى قولىغا ئالدى .

«قىز بالىنىڭ كۈلكىسىدىن يىشى ئارتۇق پەسلى بار ،
كۆپ ياش تۆككەن قىزلارنىڭ مۇھەببىتى ۋەسلى بار!
خوشە ! _

پەرىدەمۇ يېرىم ھاراق قۇيۇلغان رومكىنى قولىغا ئالدى .

« تەنلىرىم بولدى ياپراق كۆنۈم ئۆتتى يولۇڭدا ،
كەلمىدى سەندىن خەبەر ئازابى-مەي قولۇمدا.
خوشە! »

جۈرئەت بايىلا لىقلاپ قويغان رومكىسىنى كۆتۈرۈپ :

--كۆردۈممەن بىر قىزنى چىرايى گۈزەل ،
ئويلىدىم ۋە بەلكى تىلى بال-ھەسەل.
كۆپ ئۆتمەي كۆزۈمگە كۆرۈندى جەددال ،
بولغاچقا ئاغزى ئوت ، ئادىتى جېدەل...

دىلبەر كەينىگە ئۇلاپلا :

--رىشتىسىزلەر ناتونۇشتۇر گەرچە يېقىن بولسىمۇ ،
رىشتى بىر يەتكەي ۋىسالغا تاغۇ-دەريا توسسىمۇ!

«خوشە ! » دېگەن ئاۋاز بىلەن ئۈچەيلەننىڭ رومكىسى سوقۇلۇپ ھاراقلار لەۋنى كۆيدۈرۈپ ئۆتمەكتە ئىدى . تۇيۇقسىز دىلبەر قاقاھلاپ كۈلۈشكە باشلىدى .

- ئۆمەر ، جېنىم ئۆمەر ، سەن ... سەن ئۇنى ياخشى كۆرگەنىدىكىن ... ياخشى كۆرگەنىدىكىن ماڭا دېسەڭ ... دېسەڭلا بولمامدۇ . مەن كىمتىم ؟ مەن دېگەن دىلبەر ... مەن دېگەن ...

«مەن دېگەن » نىڭ ئايىغى چىقمايلا دىلبەر ھۆ قىلىشقا باشلىدى ، كىيىملىرى بىردەمدىلا ياندۇرغان نەرسىلەر بىلەن بىزەپ بولدى . پەردەمۇ بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ بىراقلا ئالدىدىكى شىرەگە غارىدە ياندۇرۇۋەتتى .

ئۇلار ئازابقا تولغان «شەرقىي يېرىم شار»دىن ئايرىلىپ ، ئىشكتىن چىقىشىغا ، چوڭ ئىشىك ئالدىدا بىر قانچە ئوتتۇرا مەكتەپنى تېخى پۈتتۈرمىگەن جەمئىيەت لالمىلىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى . دىلبەر ئىشىكنىڭ ئۇچ پەشتاقلىق چىقىش ئېغىزىدا ئازراق پۈتلىشىپ كېتىپ ئۇلارنىڭ « ئاتامان»ىغا سۈرۈلۈپ كېتىۋېدى ، قارشى تەرەپ ئۇنى قاتتىق بىرنى ئىتتىرىۋەتتى . دىلبەر بۇ ئىتتىرىلىشتە پۈتۈنلەي كونتروللۇقنى يوقىتىپ ئاسمان-زېمىن ئايلانغاندەك بولدى-دە ، موزلاپ كەتكەن يول ئۈستىگە يىقىلىپ بېشى قاتتىق ئۇرۇلدى .

-- ۋىيىي ماۋۇ پاسكىنىنى ، نېمە قىلماقچىتىڭ **** جالاپ ؟ كىيىملىرىمگە قۇسۇق سۈركەپ يۈرىدا ، _ دېدى «ئاتامان» يەردە ياتقان دىلبەرنى تىللاپ .

جۈرئەت قىيىپ ئېلىشۋاتقان كاللىسىنى زورىغا كونترول قىلىپ قارشى تەرەپنى ئېنىق بىر كۆرىۋالدى ۋە جان-جەھلى بىلەن ئۇنىڭغا ئېتىلىپ بېرىپ ، ئۇنىڭ بىلىدىن تۇتۇۋالغانچە بىر ئىتتىرگەن ئىدى ، قارشى تەرەپ جۈرئەتنىڭ بۇ زور كۈچىنىڭ زەربىسىدىن ئىشىك ئالدىدىن تاكى ئاسفالت يولغىچە سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ پالاققىدە يىقىلىپ بېشى يول قىرىدىكى بېتون قىرغا جاڭگىدە تېگىپ جايىدىلا بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتتى .

دىلبەرنى ئاران يۆلەشتۈرۈپ ئورنىدىن تۇرغۇزىۋاتقان پەردە بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ سەل پېشلىگەندەك بولدى ۋە جۈرئەتنىڭ قولىدىن تارتتى .

لۈكچەكلەر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يېتىشۋالاي دېگەندەك ئۇلار بىر تاكسىنى توسۇپ چىقۋالدى ۋە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۇزاپ كەتتى . « ئاتامان » بولسا ھوشسىز جايىدا ياتاتتى ، قورقۇپ پىتراپ كەتكەن شېرىكلەر 120 بىلەن ئالاقىلىشىپ مەيخانىنىڭ ئالدىدا قالدى .

ئۆمەر ھۇجرىسىنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرۈپ ، پەردىلەرنى چۈشۈرۈپ ئىشكىنى ئىچىدىن ئېتىۋالغان ئىدى . ئۆزى بولسا تىڭشىغۇچنى قۇلاققا قىسىۋېلىپ كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە ياتاتتى . يانفۇننىڭ تىترىشى بىلەن ئۆمەر چۆچۈپ كۆزىنى ئاچتى . دىلبەردىن بىر تال قىسقا ئۇچۇر تاپشۇرىۋالغان ئىدى .

«بەلكىم بىز مۇھەببەتكە مەنسۇپ بولمىغان ئادەتتىكى دوستلۇق ھېسسىياتىنى مۇھەببەت دەپ قارىۋالغان ئوخشايمىز .مەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ھەققىي چۈشىنىۋالدىم، بۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنە سېنىڭ نادىرەنى ھەققىي سۆيىدىغانلىقىڭنىمۇ چۈشىنىۋالدىم. بولدى، بىز ئەمدى بىر-بىرىمىزنى بۇنداق قىينىمايلى، بىر-بىرىمىزگە

بۈنداق زىيانكەشلىكلەرنى قىلىشمايلى. ئەگەر بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ ئۆزىمىز توغرا مۇئامىلە قىلالماي قالغان قىز-ئوغۇللۇق مۇناسىۋىتى سەۋەبىدىن يۈز بەرگەن بولسا، مېنىڭ تاللىشىم، بىز بۇنداق مۇناسىۋەتنى ئاخىرلاشتۇرايلى .»

ئۆمەر ئۇچۇرنى قايتا-قايتا ئوقۇپ چىقتى. دەل شۇ چاغدا دىلبەردىن يەنە بىر تال ئۇچۇر كەلدى .

« مەن بۈگۈن ھاراق ئىچتىم. لېكىن بۇ گەپلەرنى ھەرگىز مەستلىكتە دەۋاتقىنىم يوق. ھازىر كاللام ساق. بۇ مېنىڭ بۇرۇندىن ئويلىنىپ كېلىۋاتقان مەسىلەم ئىدى. شۇنداق، بىز بۇندىن كېيىن، بۇرۇنقى ئاشۇ بەختلىك خۇشال ۋاقىتلاردىكىدەك دوست بولۇپ ئۆتسەك، ئاكا-ئىنى، ئاچا-سىڭىللاردەك ئۆتسەك ئەڭ ياخشى بولغۇدەك. بولمىسا ھېچكىممۇ بۇ زەربىلەرگە بەرداشلىق بېرەلمىگۈدەك .»

ئۆمەر تېلېفونن ئېتىۋەتتى . قۇلىقىدا ئازابلىق ناخشىلار ياڭراۋاتتا ئىدى .

ئەي دوستۇم ئامرىقىم قەدىرلىك يارىم،
مەن سېنى بىر ئۆمۈر ئۇنتالمايمەن.
ۋە لېكىن سەن مېنى ئۇنۇتقىن تېزرەك،
مەن سېنىڭ ھەسرىتىڭنى كۆرمىسەم دەيمەن،
مەن سېنىڭ ھەسرىتىڭنى كۆرمىسەم دەيمەن...
...

يوتقاننىڭ ئىچىدىن ئېسەدىگەن ئاۋاز ئاڭلىنىۋاتاتتى. قاراڭغۇ تىمتاس كېچىنىڭ ئىچىدە، ھېچكىم، ھېچكىم بۇ ئۆزۈك -ئۆزۈك يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىيالمايتتى. خۇددى ھۇجرا دېرىزىگە تاس-تاس قىلىپ ئۇرۇلغان ئاخىرقى بىر مەيدان قار گۈللىرىدەك، شىۋىرغاندا ئۇيانىدىن بۇيانغا ئۇرۇلاتتى .

بۇ توڭلىغان زېمىن، بۇ توڭلىغان كېچە، قوغۇشۇن رەڭلىك ئاسماننىڭ سىرتىدىكى سانسىز يۇلتۇزلار بىلەن يىراقلاردىن كۆز قىسىشاتتىيۇ، يەنە تېزلا ئۆتۈشۈپ كېتەتتى .

بەلكىم بۇ شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تىنچ قىش كېچىسىدىكى ئۇيقۇسىنى بىردەم بۇزغان كىچىككىنە ۋاڭ-چۇڭ، خۇددى زىمىستان قىشتا نالە قىلغان سەرگەردان كۆچۈكنىڭ قىسقا ھاۋششىدەك، تېزلا بېسىقىپ، يەنە چۈش قوينىغا سىڭىپ كىرىپ كېتەتتى .

تۈگىدى

ئاپتورى: ئەزىزان

بلوگ مەنىلى : http://azizan.blogbus.com

ئېلكتاب تۈزگۈچى: سەلكىن ئېلكتاب گۇرۇپپىسى (شۆكۈران 0998، خوتەن تېۋپى)
تەھرىر: شۆكۈران 0998 ، خوتەن تېۋپى
مۇقاۋا ئىشلىگۈچى: شۆكۈران 0998